INFORMATION OF CENTRAL ASIA

# ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى



'96

III

#  目 次 《中亚信息》

1996年第一期
（总第66期）


**法规**

哈总统关于取消哈俄边境海关检查的命令……(3)
哈联邦有关国际各货车获得外国许可证的组织保障条例……(3)

**资料**

中亚地区的石油资源……(5)
俄罗斯的农业……(8)
95年上半年俄罗斯的对外贸易状况……(15)
中国和土耳其对世界棉花市场的影响……(18)
新疆成为西部重要农业生产基地…(20)
俄联邦1995年工农业生产状况……(21)

**西亚栏目**

土耳其将投资中亚开采石油及贵金属……(23)
巴基斯坦棉花生产及纺织业状况…(23)

**新技术新产品**

用激光开采石油……(25)
俄发明超级计算机……(26)
俄生产新型载重汽车……(26)
不怕风吹的火柴……(27)
乌孜别克斯坦生产一种新型商业收款机……(27)
带电脑的高压氧气舱……(28)

**边贸信息**

中亚地区及其它国家近两年棉花生产量预测……(28)
欧义一卡拉盖煤矿获得二次活力…(29)
乌克兰煤炭产量连年下降……(31)
哈北方地区的棉花产业……(32)
美中日拟建贯穿西亚的石油管道…(33)
土库曼斯坦的旅游业……(34)
工厂开工——石油价格下降……(35)
哈将吸引外资改造重工业企业……(36)
国际开发复兴银行为哈石油天然气工业提供借款……(37)

**边贸信息**

德国将在塔什干开办合资制药厂……(37)
俄白互免出口税……(38)
俄将进行大规模赋税改革以吸引外资…(38)
中俄磋商双方贸易额问题……(39)
独联体部分国家近两年植棉科研文献题选……(40)
莫斯科的消费市场……(40)
中蒙筹建自由贸易区……(41)
俄罗斯的进出口状况……(42)
吉哈合建自由贸易区……(42)
中俄贸易存在的问题……(42)
俄调整财税政策……(43)
俄终止一项进口优惠措施……(43)
乌孜别克斯坦希望吸引巴基斯坦投资者以发展其棉纺业……(44)
美在俄投资开发石油……(44)
比什凯克物价飞涨……(45)
俄96年可能取消石油天然气非铁金属出口税……(45)
全球醋酸价格看涨……(45)
1996年我国调低出口货物退税率……(46)
哈迁都计划需要大量外资……(46)
全球化肥继续涨价……(47)
哈将降低农产品出口税……(47)
乌克兰征收酒精饮料和烟草消费税……(47)
新疆自治区食糖产量下降……(48)
中俄将建石油和气管道……(48)
今年纸浆价格将大跌……(48)


本期责任编辑：夏丽波

## بۇ ساندا


< قانۇن ـ بەلگىلىمە >

قازاقىستان زۇڭتۇڭىنىڭ قازاقىستان ـ روسىيە چېگرىسىدىكى تاموژنا تەكشۈرۈشنى بىكار قىلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقى ......(3)

روسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ خەلقئارالىق ئاپتوموبىللارنىڭ چەت ئەل ئىجازەتنامىسى ئېلىشنى تەشكىللى كاپالەتلەندۈرۈش توغرىسىدىكى قائىدىلىرى ......(3)

< ماتېرىيال >

ئوتتۇرا ئاسىيارايونىنىڭ نېفت بايلىقى ......(5)

روسىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكى ......(8)

روسىيىنىڭ 95 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدىكى تاشقى سودا ئەھۋالى ......(15)

جۇڭگو،تۈركىيىنىڭ دۇنيا پاختىچىلىق بازىرىغا بولغان تەسىرى ......(18)

شىنجاڭ غەربىنىڭ مۇھىم يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولۇپ قالدى ......(20)

روسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ 1995 ـ يىلىدىكى سانائەت يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى ......(21)

< غەربىي ئاسىيا سەھىپىسى >

تۈركىيە ئوتتۇرا ئاسىيىنىڭ نېفت ۋە قىممەت مېتاللىرىنى ئېچىش ئۈچۈن مەبلەغ سالماقچى ......(23)

پاكىستاننىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشى ۋە توقۇمىچىلىق سانائىتى ......(23)

< يېڭى تېخنىكا ، يېڭى مەھسۇلات >

لازېرنۇرى ئارقىلىق نېفت قېزىش ......(25)

روسىيە ئالاھىدە ھېسابلاش ماشىنىسىنى كەشىپ قىلدى ......(26)

روسىيە يېڭى تىپتىكى يۈك ئاپتوموبىلىنى ئىشلەپچىقاردى ......(26)

شامالدا ئۆچمەيدىغان سەرەڭگە ......(27)

ئۆزبېكىستان بىر خىل يېڭى تىپتىكى سودا پۇل تاپشۇرۇۋېلىش ماشىنىسىنى ئىشلەپچىقاردى ......(27)

ئېلېكترونلۇق مېگە ئورنىتىلغان يۇقىرى بېسىملىق كىسلورود بۆلىمىسى ......(28)

< چېگرا سودا خەۋەرلىرى >

ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرى ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ يېقىنقى ئىككى يىلدىكى پاختا مەھسۇلاتىنى ئالدىن مۆلچەرلەش ......(28)

ئوي ـ قاراغاي كۆمۈر كانىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ھاياتى كۈچى ......(29)

ئۇكرائىنانىڭ كۆمۈر مەھسۇلاتى يىلدىن ـ يىلغا تۆۋەنلىمەكتە ......(31)


# پەن ـ تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى


1996 ـ يىللىق
1 ـ سان

ئومۇمىي 66 ـ سان

قوش ئايلىق ژۇرنال

ھەر جۈپ ئاينىڭ 25- كۈنى نەشىردىن چىقىدۇ

بۇساننىڭ مەسئۇل تەھرىرى :
شەرىفە ئىسھاقوۋا

باھاسى : 3 يۈەن

قازاقستان شىمالىي رايونلىرىنىڭ كېۋەز ئىشلەپچىقىرىش سانائىتى ......(32)

ئامېرىكا ، جۇڭگو ۋە ياپونىيە غەربىي ئاسىيانى كېسىپ ئۆتىدىغان نېفىت تۇرۇبا يولىنى قۇرماقچى ......(33)

تۈركمەنىستاننىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرى ......(34)

زاۋۇت ئىش باشلىشى بىلەنلا نېفىتنىڭ باھاسى چۈشۈپ كەتتى ......(35)

قازاقستان چەت ئەل مەبلىغىنى كىرگۈزۈپ ئېغىر سانائەت كارخانىلىرىنى ئۆزگەرتمەكچى ......(36)

جەلقئارالىق ئېچىش گۈللەندۈرۈش بانكىسى قازاقستاننىڭ نېفىت تەبىئىي گاز سانائىتىنى قەرز پۇل
بىلەن تەمىنلىدى ......(37)

گېرمانىيە تاشكەنتتە شېرىكلىشىپ دورا زاۋۇتى قۇرماقچى ......(37)

روسىيە بىلەن بېلورۇسىيە ئېكسپورت بېجىنى ئەمەلدىن قالدۇردى ......(38)

روسىيە چەت ئەل مەبلىغىنى جەلىپ قىلىش ئۈچۈن زور كۆلەمدە باج ئىسلاھاتى ئېلىپ بارماقچى (38)

جۇڭگو بىلەن روسىيە ئىككى تەرەپنىڭ سودا سوممىسى توغرىسىدا كېڭەشتى ......(39)

مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ يېقىنقى ئىككى يىلدا تاللىغان كېۋەز
تەتقىقات تېمىلىرى ......(40)

موسكۋانىڭ ئىستېمال بازىرى ......(40)

جۇڭگو بىلەن مۇڭغۇلىيە ئەركىن سودا رايونى قۇرماقچى ......(41)

روسىيىنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت ئەھۋالى ......(42)

قىرغىزىستان بىلەن قازاقستان بىرلىشىپ ئەركىن سودا رايونى قۇرماقچى ......(42)

جۇڭگو بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىكى سودىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ......(42)

روسىيە مالىيە باج سىياسىتىنى تەڭشىدى ......(43)

روسىيە بىر خىل ئىمپورت ئېتىبار تەدبىرىنى بىكار قىلدى ......(44)

ئۆزبېكىستان پاكىستاننىڭ مەبلەغ سالغۇچىلىرىنى جەلىپ قىلىپ پاختا توقۇمىچىلىقىنى راۋاجلاند -
دۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ ......(44)

ئامېرىكا روسىيىنىڭ نېفىتنى ئېچىش ئۈچۈنمەبلەغ سالماقچى ......(44)

بىشكېكتە مال باھاسى ئۇچقاندەك ئۆرلەپ كەتتى ......(45)

روسىيە 1996 - يىلى نېفىت ، تەبىئىي گاز ، غەيرىي تۆمۈر مېتال ئېكسپورت بېجىنى ئەمەلدىن
قالدۇرىشى مۇمكىن ......(45)

دۇنيانىڭ سىركە كىسلاتا باھاسى ئۆرلىشى مۇمكىن ......(45)

1996 - يىلى دۆلىتىمىز ئېكسپورت قىلىدىغان ماللارنىڭ باج قايتۇرۇش نىسبىتىنى تۆۋەنلەتتى (46)

قازاقستان پايتەختىنى يۆتكەش پىلانى زور مىقداردىكى چەت ئەل مەبلىغىگە مۇھتاج ......(46)

دۇنيانىڭ خىمىيۋى ئوغۇت باھاسى داۋاملىق ئۆرلىمەكتە ......(47)

قازاقستان دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېكسپورت تاموژنا بېجىنى تۆۋەنلەتمەكچى ......(47)

ئۇكرائىنا ئىسپىرت ئىچىملىكلىرى ۋە تاماكىدىن ئىستېمال بېجى ئالىدۇ ......(47)

شىنجاڭنىڭ شېكەر مەھسۇلات مىقدارى تۆۋەنلىدى ......(48)

جۇڭگو بىلەن روسىيە نېفىت تەبىئىي گاز تۇرۇبىسى ئورناتماقچى ......(48)

بۇ يىل قەغەز بۇتقىسىنىڭ باھاسى كۆپ تۆۋەنلەيدۇ ......(48)

# ★ قازاقىستان زۇڭتۇڭىنىڭ قازاقىستان - روسىيە چېگرىسىدىكى تاموژنا ★ تەكشۈرۈشنى بىكار قىلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقى

5

199 - يىلى 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىكى بېلورۇسىيە ، روسىيە فېدېراتسىيىسى ۋە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاموژنا ئىتتىپاقى كېلىشىمگە ئاساسەن ، ئۈچ تەرەپنىڭ تاموژنا ئىتتىپاقى قۇرۇلۇش توغرىسىدىكى بىرىنچى باسقۇچلۇق مەسىلىسىدە ھاسىل قىلغان نۇقتىلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى قارارلار چىقىرىلدى :

1 . قازاقىستان ھۆكۈمىتى ئىچكى كابىنېتىگە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن روسىيە فېدېراتسىيىسى چېگرىسىدىكى تاموژنا تەكشۈرۈشنى بىكار قىلىش ، ھەقىقىي تۈردە مەخسۇس پىلان سۈرئىتى جەدۋىلىگە ئاساسەن ئۈچىنچى دۆلەتنىڭ چېگرىدىن ئۆتكەن ماللىرىنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلدى .

تاموژنا ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستان - روسىيە قىسمىدا ئىككى دۆلەتنىڭ تاموژنىلىرى ئورتاق تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ .

2 . مەزكۇر بۇيرۇق ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ كۈچكە ئىگە .

قازاقىستان زۇڭتۇڭى : ن . نازاربايېۋ

1995 - يىلى 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى

# روسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ خەلقئارالىق ئاپتوموبىللارنىڭ چەت ئەل ئىجازەتنامىسى ئېلىشنى تەشكىللى كاپالەتلەندۈرۈش توغرىسىدىكى قائىدىلىرى

روسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ زېمىنىدا ھازىر ئىجرا قىلىنىۋاتقىنى - سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چەت ئەللەر بىلەن ئىمزالىغان خەلقئارالىق ماشىنا ترانسپورتى توغرىسىدىكى ھۆكۈمەتلەر ئارا كېلىشىمى . ھازىر روسىيە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كېلىشىمگە ئىمزا قويماقچى . چەت ئەللەرنىڭ ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئىدارىلىرى تارقاتقان ئۆزلىرىنىڭ چېگراسى ئىچىدە ياكى ماشىنا قاتناش قۇراللىرى بىلەن نورمال ئايلىنىشقا (خەلقئارالىق كېلىشىم بۇنىڭ سىرتىدا ) بولىدىغان ئىجازەتنامە تۈزۈمى ئارقىلىق يولۇچى ۋە يۈك ئاپتوموبىلى ترانسپورت ئىشلىرىنى قانات يايدۇرماقچى .

بەزى دۆلەتلەرنىڭ تەلەپ قىلغان مىقداردا ئىجازەتنامە تارقاتمىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ، روسىيە فېدېراتسىيىسى قاتناش مىنىستىرلىكى تۆۋەندىكىچە بەلگىلىمىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى :

1 . روسىيە فېدېراتسىيىسى قاتناش مىنىستىرلىكى ماشىنا ترانسپورت مەھكىمىسى توشۇشنى ھۆددىگە ئالغۇچىلارنىڭ چەت ئەل ئىجازەتنامىسىنى قوبۇل قىلغان ياكى تارقاتقان تەرەپلەردىكى مەسىلىلەرنى ماسلاشتۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ .

2 . روسىيە فېدېراتسىيىسى خەلقئارالىق

ماشىنا بىلەن توشۇشنى ھۆددىگە ئالغۇچىلارنىڭ ئىجازەتنامىسىنى ، روسىيە فېدېراتسىيىسى خەلقئارالىق ماشىنا بىلەن توشۇشنى ھۆددىگە ئالغۇچىلار جەمئىيىتى ( АСМАП ) بىۋاسىتە تەقسىم قىلىدۇ .

چەت ئەل ئىجازەتنامىسىنى تارقىتىش ۋاقتىدا ، روسىيە خەلقئارالىق ماشىنا بىلەن توشۇشنى ھۆددىگە ئالغۇچىلار جەمئىيىتى مونوپوللۇققا قارشى قانۇنغا ئەمەل قىلىشى ، خەلقئارالىق ماشىنا ترانسپورتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ھوقۇقلۇق كىنىشكىسى بولغان ھۆددىگە ئالغۇچىلار ياكى شىركەتلەرگە ئۇلارنىڭ تەشكىلى قانۇن شەكلىنىڭ قانداق بولۇشى ، جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى بولۇش - بولماسلىقىغا قارىماي چەت ئەل ئىجازەتنامىسىنى تارقىتىپ بېرىشى كېرەك .

3 . ھۆددىگە ئالغۇچىلار شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن بۇرۇن روسىيە خەلقئارالىق ماشىنا ھۆددىگە ئالغۇچىلار جەمئىيىتىگە شۇ يىلىنىڭ چەت ئەل ئىجازەتنامىسىنى ئېلىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسىنى تاپشۇرۇشى كېرەك .

4 . ھۆددىگە ئالغۇچىلار جەمئىيىتى شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تاپشۇرۇپ ئالغان شۇ يىللىق چەت ئەل ئىجازەتنامىسىنىڭ يۈرگۈزۈلۈش ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئومۇمىي دوكلاتنى ۋە ئىلتىماسنى روسىيە فېدېراتسىيىسى ترانسپورت مىنىستىرلىكى ماشىنا ترانسپورت مەھكىمىسىگە تاپشۇرۇشى ھەمدە مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەرنىڭ ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئىدارىلىرى بىلەن ئىجازەتنامە نورما مەسىلىسى توغرىسىدىكى سۆھبەتكە قاتنىشىشى كېرەك .

5 . ھۆددىگە ئالغۇچىلارغا تارقىتىپ بېرىدىغان چەت ئەل ئىجازەتنامىسىنى ، توشۇشنى ھۆددىگە ئالغۇچىلار جەمئىيىتى ئەمەلىيەتتە تاپشۇرۇپ ئالغان ئىجازەتنامە ۋە ئىلتىماس قىلغۇچىلارنىڭ سانىغا ئاساسەن ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك .

6 . توشۇشنى ھۆددىگە ئالغۇچىلارنىڭ سانى نورمىدىن ئېشىپ كېتىپ ، ئىجازەتنامىنى تولۇقلاشقا توغرا كەلگەندە ، توشۇشنى ھۆددىگە ئالغۇچىلار جەمئىيىتى ماشىنا ترانسپورت مەھكىمىسىگە كېرەكلىك ئىجازەتنامىنى ئېلىشقا مۇناسىپ چارە - تەدبىر لايىھىسىنى يوللاش كېرەك . ماشىنا ترانسپورت مەھكىمىسى بۇ لايىھىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ، ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئىدارىلىرى بىلەن تولۇقلاش سۆھبىتىگە قاتنىشىشى كېرەك .

7 . توشۇشنى ھۆددىگە ئالغۇچىلار جەمئىيىتى ، توشۇشنى ھۆددىگە ئالغۇچىلارغا چەت ئەل ئىجازەتنامىسىنى تارقاتقان ۋاقتىدا ، خەلقئارالىق ترانسپورتنى يولغا قويۇشتا روسىيە فېدېراتسىيىسى قاتناشقان ئالاقىدار خەلقئارالىق ئەھدىنامىلەرگە ئەمەل قىلىشنى مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەر بىلەن ئىمزالىغان خەلقئارالىق ماشىنا ترانسپورت ئىككى تەرەپ كېلىشىملىرىگە ئەمەل قىلىشنى ئەسكەرتىپ قويۇش لازىم ( كىشىلىك ھايات سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىش ، ترانسپورت خەتەرلىك ، ئېغىر ۋە چوڭ ھەجىملىق ماللارنى توشۇغان ۋاقىتتىكى ئالاھىدە بەلگىلىمىلەرگە ئەمەل قىلىش ، ماشىنا گورۇپپىسى ۋە بېجى كېچىرىم قىلىنغان يېنىشچانلىق سىلىقلىغۇچى دورىلارنى توشۇغاندا بەلگىلەنگەن تۈزۈملەرگە ئەمەل قىلىش ، دۆلەت چېگرىسى خىزمەت تۈزۈملىرىگە ئەمەل قىلىش قاتارلىقلار ) .

8 . ئىش ھەققى ئورنىدا ، جەمئىيەت ھۆددىگە ئالغۇچىلارغا ئىجازەتنامە تارقاتقان ياكى مەسلىھەت بەرگەن ۋاقتىدا توشۇشنى ھۆددىگە ئالغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە قاتناش مىنىستىرلىكى ئىمزالىغان كېلىشىمدىكى ئۆلچەم بويىچە مەلۇم مىقداردا ھەق ئېلىش كېرەك .

9 . توشۇشنى ھۆددىگە ئالغۇچىلار جەمـ

ئىيتى ، چەت ئەل ئىجازەتنامىسىنىڭ ئىشلىتىلىش ئۇنۇمى توغرىسىدىكى ماتېرىياللارنى ساقلاش ، ستاتىستىكىلاش ۋە ئانالىز قىلىش ھەمدە ھەر يەسىلدە ماشىنا ترانسپورت مەھكىمىسىگە مۇشۇ ئىجازەتنامىلەرنىڭ ئىشلىتىلىش ئۇچۇرلىرىنى يەتكۈزۈپ تۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم .

10 . توشۇشنى ھۆددىگە ئالغۇچىلار جەمئىيتى ۋە ماشىنا ترانسپورت مەھكىمىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ، تىجارەت ترانسپورت قانۇن - تۈزۈملىرى ۋە قائىدىلىرىگە خىلاپلىق قىلغان ھۆددىگە ئالغۇچىلارنى قاتناش مىنىستىرلىكى پۈتونلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ ياكى مەلۇم ۋاقىت ئىچىدە چەت - ئەل ئىجزەتنامىسىنى ئىشلىتىش لاياقىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ .

## ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ نېفت بايلىقى

ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر بولۇپمۇ تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىشىدىكى ئاساسى سەۋەب ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا مول بايلىقلارنىڭ ساقلىنىپ ياتقانلىقىدا ، بولۇپمۇ بۇنىڭ ئىچىدە نېفت ۋە تەبىئىي گاز بايلىقى تېخىمۇ كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ .

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دۇنيادىكى نېفت ئىشلەپچىقىرىدىغان ئەڭ چوڭ دۆلەت بولۇپ ، سەئۇدى ئەرەبىستاندىن قالسىلا 2 - چوڭ نېفت ئېكسپورت قىلغۇچى دۆلەت ئىدى . 1989 - يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئىشلەپچىقارغان ئومۇمىي خام نېفت مىقدارى 607 مىليون تونىنا بولغانتى . ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر ، نېفت ۋە تەبىئىي گازنىڭ ساقلىنىش مىقدارى شۇنداقلا مەھسۇلاتى جەھەتتە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا مۇھىم ئورۇن تۇتاتتى . قازاقىستان نېفت ۋە تەبىئىي گازنىڭ ساقلىنىش ۋە ئىشلەپچىقىرىلىش مىقدارى جەھەتتە روسىيىدىن قالسىلا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى جۇمھۇرىيەتلەر ئىچىدە 2 - ئورۇندا ( روسىيە نېفتىنىڭ ساقلىنىش مىقدارى 6 مىليارد تونىنا ، 93 - يىلدىكى ئىشلەپچىقىرىلغان نېفت مىقدارى 300 مىليون تونىنا )؛ تۈركمەنىستان تەبىئىي گازنىڭ ساقلىنىش ۋە ئىشلەپچىقىرىلىش مىقدارى 2 - ئورۇندا ، نېفتىنىڭ ساقلىنىش ۋە ئىشلەپچىقىرىلىش مىقدارى 4 - ئورۇندا ؛ ئۆزبېكىستان تەبىئىي گازنىڭ ساقلىنىش ۋە ئىشلەپچىقىرىلىش مىقدارى 3 - ئورۇندا تۇراتتى . يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى غەرب نېفت شىركەتلىرىنىڭ مەبلىغى ۋە تەكشۈرۈش ئەترەتلىرىنىڭ كىرىشىگە ئەگىشىپ ، ئوتتۇرا ئاسىيا نېفت ۋە تەبىئىي گازنىڭ ئېنىقلانغان ساقلىنىش مىقدارى ئۈزلۈكسىز ئاشماقتا . قازاقىستان زۇڭتۇڭى نازاربايېۋ يۇرەكلىك ھالدا ، قازاقىستان بىلەن روسىيە كەلگۈسىدە ئوپېك ( دۇنيا نېفت ئېكسپورت قىلغۇچى دۆلەتلەر تەشكىلاتى ) نىڭ ئورنىنى دەسسەيدىغان مەركەز بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ، دېدى . گەرچە بۇ سۆز ئاساسسىز بولمىسىمۇ ، ئېنىقكى سەل ئېشىپ كەتتى . ھازىر پەقەت سەئۇدى - ئەرەبىستاندىلا نېفتىنىڭ ئېنىقلانغان ساقلىنىش مىقدارى 35 مىليارد تونىنا ، غەرب نېفت گېئولوگلىرىنىڭ مۆلچەرلىشىچە شىنجاڭنىڭ تارىم ئويمانلىقىدا 10 مىليارد تونىنا نېفت ۋە 8 مىليارد تونىنا تەبىئىي گاز ساقلانماقتا .

قازاقىستاننىڭ نېفت ۋە تەبىئىي گاز بايلىقى ئاساسەن شەرقىي قىسمىدىكى كاسپىي دېڭىزى بىلەن ئارال دېڭىزى ئوتتۇرىسىدىكى مانگىستاۋ يېرىم ئارىلىغا ، بۇزاچى يېرىم ئارىلىغا ۋە ئۇستىيۇرت ئېگىزلىكىگە تارقالغان بولۇپ ، دۇن-

يادىكى ئون چوڭ نېفتلىكنىڭ ئىككىسى مانا مۇشۇ يەرگە جايلاشقان. 60 - يىللار ئوتتۇرا ئاسىيا نېفت سانائىتىنىڭ تازا تەرەققىي قىلغان دەۋرى بولۇپ، خام نېفت ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى يىلدىن - يىلغا ئېشىپ بارغانتى. ھالبۇكى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تەدرىجى تۆۋەنلەشكە قاراپ يۈزلەندى. 1991 - يىلى قازاقىستان ئىشلەپچىقارغان يىللىق خام نېفت 26 مىليون 300 مىڭ توننا، ئىشلەپچىقارغان يىللىق تەبىئىي گاز 79 مىليارد كۇب مېتىر بولدى.

تۈركمەنىستان ئەزەلدىن « ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۇۋەيتى » دېگەن نامغا ئىگە. يېقىندا ئېنىقلانغان نېفتىنىڭ ساقلىنىش مىقدارى 6 مىليارد توننا بولۇپ، ئېلىنغان يىللىق خام نېفت مىقدارى 5 مىليون 500 مىڭ توننا، تەبىئىي گازنىڭ ساقلىنىش مىقدارى 15 تىرىليون كۇب مېتىر، يىللىق ئېلىنغان مىقدارى 80 مىليارد كۇب مېتىر بولۇپ، روسىيە، ئامېرىكا، كانادادىن قالسا دۇنيا بويىچە 4 - ئورۇندا تۇرىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە 90% مەھسۇلات ئېكسپورت قىلىنىدۇ. 1992 - يىلى پۈتكۈل مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى بويىچە تەبىئىي گازنىڭ ئېكسپورت مىقدارى 76 مىليارد كۇب مېتىر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تۈركمەنىستان تەبىئىي گازىنىڭ ئېكسپورت مىقدارى 10 مىليارد 28 مىليون كۇب مېتىر بولغان. 1994 - يىلى 11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، نىيازوف زۇڭتۇڭ 2020 - يىلغا بارغاندا تۈركمەنىستاننىڭ يىللىق خام نېفت ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى 80 مىليون تونناغا، يىللىق تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى 230 مىليارد كۇب مېتىرغا يەتكۈزۈش تەرەققىيات پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

غەربتىكى ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۆلچەر قىلىشىچە، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ساقلانغان نېفت ۋە تەبىئىي گاز مىقدارى جەھەتتە دېڭىز قولتۇقى رايونىدىن قېلىشمايدۇ، ھەم كەلگۈسىدە دۇنيادىكى يەنە بىر مۇھىم نېفت ۋە تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلىگۈچى رايون بولۇپ قالىدۇ.

نېفت سانائىتى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ تايانچ سانائىتى، بولۇپمۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادى قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى ئۆز دۆلىتىنىڭ نېفت بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، مول بايلىق ئارقىلىق چەت ئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلىپ، ھەم شۇنىڭغا تايىنىپ پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرماقچى بولدى. نۆۋەتتە، تۈركمەنىستان ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا دۆلەتلەردىن ياخشى بولۇشىدا، نېفت بىلەن تەبىئىي گازنىڭ ئېكسپورت قىلىنىشى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

نېفت ۋە تەبىئىي گاز ھازىرقى زامان سانائىتىنىڭ مۇھىم ئېنېرگىيە مەنبەسى شۇنداقلا ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بايلىق. غەرب ئىقتىسادشۇناسلىرى كىم نېفت بايلىقىنى كونترول قىلسا، شۇ كەلگۈسى دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ، دەپ قارايدۇ. ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئوتتۇرا شەرقنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، زور ئەسكىرى كۈچ ۋە قورال چىقىرىپ ئىراق - كۇۋەيت ماجىراسىنى ھەل قىلىشتىكى مەقسىتىمۇ دەل دېڭىز قولتۇقى رايونىنىڭ نېفتىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن ئىدى. ھازىر غەرب نېفت شىركەتلىرى بەس - بەس بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ نېفت بايلىقىنى تەكشۈرۈش ۋە ئېچىشقا نۇرغۇن مەبلەغ سالماقتا. ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا، ئامېرىكىنىڭ 3 - چوڭ نېفت شىركىتى - شېۋرون شىركىتى قازاقىستاننىڭ تېڭىز نېفتلىكىگە 10

مىليارد ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سېلىشقا ماقۇل بولغان بولۇپ، بۇنىڭدىن 20% پايدا ئالالايتتى. غەرب نېفىت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ مۇلاھىزە قىلىشىچە، تېڭگىز نېفىتلىكى كۈنىگە 700 مىڭ توڭ خام نېفىت ئىشلەپچىقىرالايدۇ، نۆۋەتتىكى دۇنيا نېفىت باھاسى بويىچە ھېسابلىغاندا، ئامېرىكا بۇنىڭدىن كۈنىگە 10 مىليون 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى كىرىم قىلالايدۇ. مۇشۇنداق يۇقىرى پايدا، مۇقەررەر ھالدا غەربنىڭ كۆزىنى قىزارتماي قالمايدۇ، نۆۋەتتە غەرب نېفىت شىركەتلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ نېفىت ۋە تەبىئىي گازىنى ئېچىشقا 30 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى سالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بايلىقى روسىيە ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ نېفىت ۋە تەبىئىي گاز بايلىقىنى ئېچىشى، روسىيىنىڭ دىققىتىنى قوزغىماي قالمىدى. نۆۋەتتە، نېفىتنى ئېچىش ئۈچۈن كېتىدىغان نۇرغۇن مەبلەغنى ئۈستىگە ئېلىشقا روسىيىنىڭ ئەلۋەتتە مادارى يەتمەيدۇ، لېكىن ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ نېفىتنى ئېچىش ھوقۇقىغا ئارىلىشىش ۋە ئۇنى كونترول قىلىش ئارقىلىق نەپ ئالالايدۇ.

نېفىت ۋە تەبىئىي گاز توشۇش تۇرۇبىلىرىنى كونترول قىلىش روسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ نېفىت ۋە تەبىئىي گازنى ئېچىش ئىشلىرىنى كونترول قىلىشىنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاستىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى نېفىت ۋە تەبىئىي گازنى بۇرۇندىنلا روسىيە ئارقىلىق ياۋروپاغا چىقىراتتى. بۇنداق بولغاندا، روسىيە پەقەت چېگرىدىن ئۆتۈش ھەققى ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ نېفىت ۋە تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى ۋە ئېقىش يۆنىلىشىنى كونترول قىلالايتتى، ھەتتا نېفىت ۋە تەبىئىي گاز پۇللىرىنى بىۋاسىتە يىغىۋالاتتى. تۈركمەنىستاننىڭ نېفىت ۋە تەبىئىي گازى ئەزەلدىن روسىيىنىڭ تۇرۇبا يوللىرى ئارقىلىق ياۋروپاغا توشۇلاتتى. 1993 - يىلى 11 - ئايدا روسىيە ئۆز ئالدىغا قارار چىقىرىپ تۈركمەنىستان تەبىئىي گازىنىڭ يېڭى توشۇلۇش جايى ياۋروپا بولماستىن، بەلكى گرۇزىيە بىلەن ئۇكرائىنا، دەپ بەلگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن تۈركمەنىستان پەقەت گرۇزىيە بىلەن ئۇكرائىنادىن كەلگەن تالونغىلا ئىگە بولۇپ نەق پۇل روسىيىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. روسىيە نېفىت بىلەن گازنىڭ توشۇلۇش مىقدارىنى كېمەيتىش ئارقىلىق قازاقىستان ۋە غەرب نېفىت شىركەتلىرىنىڭ نېفىت ۋە تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى ئازايتتى. روسىيە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرگە بولغان تەمىنلەشنى كېمەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىن باشقا دۆلەتلەرگە بولغان ئېكسپورت مىقدارىنى ئاشۇرۇپ، تاشقى پېرېۋوت توپلىدى. 1994 - يىلى 1993 - يىلىغا قارىغاندا نېفىتنىڭ ئېكسپورت مىقدارى 30% ئېشىپ، 87 مىليون توننىغا يەتتى. 1995 - يىلى 95 مىليون تونىغا يەتكۈزۈش پىلانلانغان، روسىيە كاسپىي دېڭىزىدا ئېچىلغان نېفىتنىڭ روسىيىنىڭ نېفىت ئاققۇزۇش تۇرۇبا يوللىرى ئارقىلىق توشۇلۇشىنى تەلەپ قىلدى ھەم بۇنى كاسپىي دېڭىز نېفىتنى ئېچىشنىڭ مۇھىم شەرتى قىلدى. روسىيىنىڭ كونتروللىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر روسىيىدىن ئايلىنىپ ئۆتكۈزۈش مەقسىتىدە يېڭىدىن نېفىت ئاققۇزۇش تۇرۇبا يوللىرىنى ياساشنى ئاكتىپلىق بىلەن پىلانلىماقتا. تۈركىيە كاسپىي دې-

گىزىدىن تۈركىيىنىڭ ئاناتولىيە ئىگىزلىكىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئوتتۇرا دېڭىز پورتى جېيخانغا تۇتىشىدىغان تۇرۇبا يولى ياساپ شۇ يەردىن ياۋروپاغا توشۇشنى تەشەببۇس قىلماقتا . تۈركمەنىستان ھۆكۈمىتى ئىران ۋە تۈركىيە ئارقىلىق ئوتتۇرا شەرققە بارىدىغان نېفىت ۋە تەبىئىي گاز تۇرۇبا يوللىرى ياساشنى پىلانلىماقتا . قازاقىستان ھۆكۈمىتى بىۋاسىتە كاسپىي دېڭىزى ئارقىلىق ياكى پاكىستان ، جۇڭگو ئارقىلىق نېفىت ۋە تەبىئىي گاز چىقارماقچى بولۇۋاتىدۇ . غەربلىكلەر ئۇلار « تۇرۇبا ئويۇنى » ئويناۋاتىدۇ دېيىشمەكتە . ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ ئارقىسىدا مۇرەككەپ سىياسىي ، ئىقتىسادىي مەنپەئەت توقۇنۇشى بار .

دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ سىياسىلىشىشى ، دۇنيا سىياسىتىنىڭ ئىقتىسادلىشىشى ، بۈگۈنكى دۇنيا سىياسىي ، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يېڭى ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالدى . نېفىت ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تورمۇزلايدىغان مۇھىم ئامىل بولۇپ قالماستىن ، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ چېگرا سىياسىتى ۋە چېگرا ئىقتىسادىدىكى مۇھىم بەلگە بولۇپ ، ئېنېرگىيە مەنبەسى كۈندىن - كۈنگە قىس بولۇۋاتقان دۇنيا ئىقتىسادىدا ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ نېفىت ۋە تەبىئىي گاز بايلىقى كۆنسېرى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ .

ئادالەت تاھىر (ت)

# روسىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكى

### بىرىنچى ، يېزا ئىگىلىك مۇلۇكچىلىك شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، بازار ئىگىلىكىگە ئۆتكەنلىكتىن ، روسىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە بولۇپمۇ مۈلۈكچىلىك شەكلىدە زور ئۆزگىرىش بولدى ، يەنى ئەسلىدىكى كولخوز ۋە سوۋخوزلار ئۆزگەرتىپ قۇرۇلدى . يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىدا ئالتە خىل مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى ئورتاق مەۋجۇت بولۇشتەك ئەھۋال شەكىللەندى :

1 . كولخوز ۋە سوۋخوز ؛

2 . دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك سانائەت ئىشلەپچىقىرىش بىرلەشمە گەۋدىسى ؛

3 . ھەسسىدارلىق تۈزۈمىدىكى يېزا ئىگىلىك ، سانائەت بىرلەشمە گەۋدىسى ؛

4 . خۇسۇسىي دېھقانچىلىك مەيدانى ؛

5 . ھەمكارلىشىپ باشقۇرىدىغان دېھقانچىلىق تەشكىلاتى ؛

6 . كىچىك تىپتىكى ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانى .

### ئىككىنچى ، يەر مۇناسىۋىتى

1994 - يىلدىن باشلاپ روسىيە فېدېراتسىيىسى يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى . مەقسەت يەرنى ئاسراش ۋە يەردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشقا كاپالەتلىك قىلىش ؛ يېزا ئىگىلىك تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىش ۋە تۇپراقنىڭ ئوغۇتلۇق كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن قانۇنلۇق ئىقتىسادىي تېخنىكىلىق ۋە تەشكىلىي شارائىت بىلەن تەمىنلەش تەبىئىي مۇھىتنى قوغداش ۋە ياخشىلاش ، يەر تىجارىتى ۋە باشقۇرۇشنى ئۇمۇمىيۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت .

ھازىر ساقلىنىۋاتقان ، كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغان مەسىلە : چوڭ - چوڭ يەرلەر كىچىك پارچىلارغا بۆلۈندى . سۇ ، تۇپراقنىڭ ئېقىشى ئېغىر بولدى . تۇپراقنىڭ ناچارلىشىشى ، شورلىشىش ۋە ئۈنۈمسىزلىشىشى تېزلەشتى . ئوتلاق ۋە چارۋىچىلىق مەيدانىدىن پايدىلىنىش

ئۇنۇڭى تۆۋەنلەپ سوغىرىش سىستېمىسىمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى .

دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى دۆلەت كونتروللۇقىغا كىرگۈزۈش توغرىسىدا قارار چىقىرىپ ، يەردىن پىلانلىق هالدا تولۇق پايدىلىنىش ، هايانكەشلەرنىڭ يەرنى سېتىشى ، پارا بېرىش ۋە ئېلىشنى توساش توغرىسىدا بىر قىسىم ئىقتىسادىي ۋە مەمۇرىي تەدبىرلەرنى قوللاندى .

يەر مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشتا چىڭ تۇرۇۋاتقان تېگىشلىك مۇهىم پرىنسىپ : يەر پۈتۈن خەلقنىڭ مۈلكى ، ئۇ دۆلەتنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولىدۇ . يەردىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى قوغداش روسىيە فېدېراتسىيىسىدىكى هەر مىللەت خەلقىنىڭ هاياتى ، پاراۋانلىقى ۋە كەلگۈسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك .

يەر مۇناسىۋىتىنى هەل قىلىش ئاساسەن ، پۈتۈن خەلق يەرگە ئورتاق ئىگىدارچىلىق قىلىش هوقۇقى ئاساسىدا هەر قايسى يەر ، هەر قايسى يەرلەرنىڭ تەركىبىي قىسمى ، يەرنى پايغا كىرگۈزۈش ۋە پاي پۇلى ئوتتۇرىسىدىكى هەر خىل مۇناسىۋەتلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىقلارغا چېتىلىدۇ . يەر ئىگىلىرى ۋە يەردىن پايدىلانغۇچى قانۇنىي شەخسلەرنىڭ يەرنى ئىجارىگە بېرىش هوقۇقى بار . چەت ئەل گراژدانلىرى ۋە چەت ئەللىك قانۇنىي شەخسلەرنىڭ يەرنى ئېلىپ - سېتىش هوقۇقى بولمايدۇ ، ئالاهىدە قوغدىلىدىغان يەرلەرنىمۇ چەت ئەللىكلەرگە ئىجارىگە بېرىشكە بولمايدۇ .

يەردىن پايدىلانغاندا پرىنسىپ جەهەتتە پۇل ئېلىنىدۇ . پەقەت دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇنى بويىچە پايدىلانغان يەرلەر بۇنىڭ سىرتىدا . پۇل تۆلەش شەكلى يەر بېجى ، ئىجارە بېجى ، يەردىن ۋاقىتلىق پايدىلىنىش خىراجىتى ، يەرنى ئىجارىگە بېرىش هوقۇقىغا ئېرىشكەن خىراجەت هەم دېهقانچىلىق مەهسۇلاتلىرى زىيانغا ئۇچرىغاندا تۆلەشكە تېگىشلىك تۆلەم پۇل قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

روسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ بارلىق يەرلىرى قانۇنىي ، ئىقتىسادىي ، تەشكىلىي ۋە تېخنىكىلىق قوغدىلىدۇ .

**ئۈچىنچى ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تۆۋەنلىشى**

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش بىرلەشمە گەۋدىسى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭلا ئەمەس ، بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىنمۇ خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك تارمىقىدۇر .

بىراق يېقىنقى تۆت يىلدا يېزا ئىگىلىك ساهەسىدە چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئىگىلىك ئىسلاهاتى ئېلىپ بېرىلدى ، ئالدى بىلەن يەر ئىسلاهاتى ئېلىپ بېرىلدى ، هەر خىل مۈلۈكچىلىك ، هەر خىل تەشكىلىي شەكىلدىكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنىڭ هەممىسى مۇستەقىل هالدا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئۇيۇشتۇرۇش ، ئىشلەپچىقىرىش نىشانىنى ، تەشكىلىي قۇرۇلمىنى ، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى ۋە سورتىنى بەلگىلەش هوقۇقىغا ئىگە بولدى . بىراق يۇقىرىدا ئېيتىلغان بىر قاتار ئۆزگىرىش ۋە قوللانغان تەدبىرلەر يېزا ئىگىلىكى - سانائەت بىرلەشمە گەۋدىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرمەيلا قالماستىن ئەكسىچە ئۇنى 40 يىلدىن بۇيان بولۇپ باقمىغان چوڭقۇر كىرىزىسقا ئېلىپ كىردى . ئىشلەپچىقىرىش داۋاملىق تۆۋەنلىدى ، تۇپراق كۈچىنى ئاشۇرۇش ۋە يەرلەرنى سۇغىرىش قۇرۇلۇشىمۇ ئەمەلىيەتتە توختاپ قالدى . ئۇنىڭدىن باشقا زىياندash هاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىمۇ زور دەرىجىدە ئاجىزلاپ كەتتى .

ئۆي چارۋىلىرىنىڭ سانى ئازايدى ؛ كۆپىيىش نىسبىتى ۋە مەهسۇلات مىقدارىمۇ تۆۋەنلىدى . 1994 - يىلى 60% يېزا ئىگىلىك - سا-

نائەت بىرلەشمە گەۋدىسى زىيان تارتقان ئورۇنغا ئايلىنىپ قالدى ، بۇ ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان ئىش .

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تۆۋەنلىشىدىكى سەۋەب ئاساسەن تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

1 . بازار ئىگىلىكىگە ئالدىراپ ئۆتتى ، ئېغىر پۇل پاخاللىقى ۋە ئەسلىدىكى ھەر خىل ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى بۇزىۋېتىش پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىقتىسادىي كىرىزىسنى كەلتۈرۈپ چىقاردى :

2 . يېزا ئىگىلىك - سانائەت بىرلەشمە گەۋدىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى تەكشۈرگۈلۈكنى يوقاتتى .

3 . باھا سىياسىتى مۇۋاپىق بولمىدى . پۇل - مۇئامىلە ، كىرېدىت سىياسىتى مۇكەممەل ئەمەس ، يېزا ئىگىلىكىگە بېرىلىدىغان قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈمى بەك يۇقىرى . سودا بانكىلىرى يېزا ئىگىلىك كرېدىتىنى مونوپول قىلىۋالغان ، يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرى ۋە دېھقانلارنىڭ مەبلەغ سېلىش قۇدرىتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتكەن .

4 . دېھقانچىلىق تارماقلىرىنىڭ بىر تەرەپلىمىلىك ئىسلاھاتى چوڭ تىپتىكى دېھقانچىلىق كارخانىلىرىنى ئۆزگەرتىشكىلا قىزىقىپ ئاساسىي قاتلام ۋە كىچىك تىپتىكى كارخانىلاردىن باشلىمىغان ، يەردىن پايدىلىنىش ھوقۇقىنى قايتا تەقسىم قىلىش ۋە خۇسۇسىيلاشتۇرۇش قەدىمى تېز بولۇپ كەتكەن .

5 . يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىنىڭ رولىغا سەل قارالغان ، پەن - تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئىشلىتىدىغان مېخانىزم ۋە ئۇسۇللار كەمچىل ؛

6 . تاشقى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت راۋان ئەمەس ، غەرب دۆلەتلىرىدىن كۆپ مىقداردا يېمەكلىك ۋە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى كىرگۈزۈپ ئۆز دۆلىتىنىڭ يېمەكلىك ۋە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى توستى .

**تۆتىنچى ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان تەدبىرلەر**

1 . يېزا ئىگىلىك - سانائەت بىرلەشمە گەۋدىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنى ، ئۇنىڭ زور يوشۇرۇن كۈچىنى ، ماددىي ، تېخنىكا ئاساسىنى ساقلاپ قالدى ، يېزا ئىگىلىك - سانائەت بىرلەشمە گەۋدىسىگە سالىدىغان مەبلەغنى ساقلاپ قالدى ۋە كۆپەيتتى ، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ۋە ئوغۇتنى كۆپەيتتى .

2 . ئىقتىسادىي ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ دېھقانچىلىق - سانائەت بىرلەشمە گەۋدىسى ۋە باشقا دېھقانچىلىق كارخانىلىرىنىڭ ۋاقتىدا مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشىغا كاپالەتلىك قىلدى

3 . ئىقتىسادىي تەشكىلىي تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ باشقۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ ، چارۋىلارنىڭ قوتاندىكى سانى بىلەن دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمىنى بىۋاستە باغلىدى .

4 . ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتەردى . خىزمەتچىلەرنى تەبىئىي بايلىق ۋە خام ئەشيالارنى ئاسراش ۋە تېجەشكە چاقىردى .

5 . نورمال بولغان مالىيە ، پۇل مۇئامىلە پائالىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ، دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە ۋەيران بولۇشىنى توسۇدى .

6 . روسىيە فېدېراتسىيىسى ھۆكۈمىتى بىلەن يەرلىك ھۆكۈمەت « دۆلەت ئېھتىياجىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن دېھقانچىلىق مەھ-

سۇلاتلىرى ، خام ئەشيا ۋە يېمەكلىكلەرنى يىغىۋېلىش قانۇنى » نى قەتئىي ئىجرا قىلىشى كېرەك .

7 . دېھقانلارنىڭ ئالدىراش مەزگىللىرىدە تېز خورايدىغان دېھقانچىلىق ۋاستىلىرىغا نىسبەتەن ئېتىبار بېرىش قەرز نىسبىتىنى 0.1% - 0.25% ئەتراپىدا كونترول قىلىش كېرەك .

8 . دۆلەت دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى باھاسىنىڭ 9% بويىچە دېھقانلارنى كاپالەت پۇلى (دېھقانچىلىق كارخانىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ )بىلەن تەمىنلەيدۇ .

9 . دۆلەت 10% يىللىق ئۆسۈم بويىچە نۇقتىلىق دېھقانچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە خام چوتتىن قەرز پۇل بېرىدۇ .

10 . ئىجارە كەسپىنى كېڭەيتىش كېرەك . ئۇنىڭ ئىجارە ھەققى ماشىنا ئۇسكۇنىلەر تەننەرخىنىڭ 20% تىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك .

11 . دۆلەت دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا بولغان مالىيە جەھەتتىكى قوللىشىنى كۈچەيتىپ دېھقانلارغا 40% ئېتىبار بىلەن نەسىللىك چارۋا ، توخۇ ، ئەلا سورت ۋە تېرىش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ .

12 . 50% ئېتىبار باھادا دېھقانلارنى مىنېرال ئوغۇت ۋە تېرىش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ .

13 . دۆلەت دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە يېمەكلىكلەرنى تۆمۈر يول ، سۇ ۋە قۇرۇقلۇق ئارقىلىق توشۇغاندا ، بولۇپمۇ يىراق شەرق رايونىغا توشۇغاندا مەلۇم دەرىجىدە قوشۇمچە ياردەم پۇل بىلەن تەمىنلەيدۇ .

14 . دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە ۋەيران بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ، قەرزنى بەلگىلىك مەزگىلدە كېچىكتۈرۈپ تۆلىشىگە يول قويۇلىدۇ ، يەنە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن بەلگىلىك دەرىجىدە قەرز پۇل تارقىتىشقا بولىدۇ .

15 . دۆلەتنىڭ باشقۇرۇشى بىلەن دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ماددىي ئەشيا ۋە تېخنىكا ئەسلىھەلەرنىڭ باھاسىغا نىسبەتەن مەلۇم دەرىجىدە باھا قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىلىدۇ .

**بەشىنچى ، دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكىسىغا ئەھمىيەت بېرىش**

دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكىسى گەرچە ئېلېكترون ، ئاپتوماتلىشىش ، لازېر نۇرى ، ئالەم قاتنىشى ، ئاتوم ئېنېرگىيىسى قاتارلىق يۇقىرى ، يېڭى تېخنىكا بىلەن خاراكتېرى ئوخشاش بولمىسىمۇ ، بىراق دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە ئۆز قانۇنىيىتى بولىدۇ . دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكىسى ھاسىل قىلغان ئۈنۈمنىڭ بەزىلىرى بىۋاستە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ، بەزىلىرى ۋاستىلىك ئىجتىمائىي ئۈنۈم . « پەن - تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى » نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكىسى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى . روسىيە ھۆكۈمىتى بىلەن پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاگاھلىق ياكى ئاگاھسىز ھالدا بۇ توغرا ھۆكۈم قىلىنغان تونۇشقا ئاساسەن ئىككى يىلدىن بۇيان دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكىسىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتىمۇ كۈچ چىقاردى .

ئىككى يىلدىن بۇيان روسىيىنىڭ دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكىسىدا تۆۋەندىكى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن :

1 . مەنزىرە تېرىلغۇ پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ، تېرىش ، يەردىن پايدىلىنىش ۋە مۇۋاپىق ئوغۇتلاشنىڭ تۈرلۈك ئۆلچەملىرىنى بېكىتتى .

2 . دېھقانچىلىق - سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئونىۋېرسال گەۋدىسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك بىخەتەرلىك ماددىسىنى تۈزۈپ چىقىپ ، قۇرغاق تېرىقچىلىق قىلىش ئۇسۇلىنى كېڭەيتتى . پۈتۈن روسىيىدىكى رادىئاتسىيىلىك بۇلغىنىشقا ئۇچرىغۇچى رايونلارنىڭ ئۆزگىرىش ھالىتى توغرىسىدىكى تەتقىقاتنى تاماملاپ پۈتۈن روسىيە بويىچە رايونلارنىڭ مەنزىرىسىنى گۈزەللەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا قويدى .

3 . تۆۋەن سەرپىياتلىق ، ئېكولوگىيىلىك جەھەتتە بىخەتەر بولغان ئاشلىق يەم - خەشەك ۋە باشقا دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىپ چىقتى .

4 . ھازىر يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا ئاساسەن يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەمەلىي يولغا قويۇشقا بولىدىغان دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ تېرىش تۈزۈمى ۋە كۆپ خىل تىجارەتلىك تېرىش ئۇسۇلىنى تۈزۈپ چىقتى . ئورگانىك ۋە مىنېرال ئوغۇتلارنى كېڭەيتىپ ھەر خىل بىئولوگىيىلىك دورىلارنى ئىشلىتىپ تۇپراقنىڭ مىكرو ئورگانىزملىق ھەرىكىتىنى كۈچەيتتى . مىكرو ئورگانىزملىق دورىلارنى ئىشلەتكەندە ئوخشىمىغان رايونلارنىڭ تۇپراق ئالاھىدىلىكى ، ھاۋا كىلىماتى ۋە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ سورتىنى نەزەردە تۇتتى . مىكرو ئورگانىزملىق دورىلارنى ئىشلەتكەنلىكتىن ئاشلىق زىرائەتلىرى ، ياڭيۇ ، قىزىلچىلاردىكى زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ كېسەللىك پەيدا قىلىش نىسبىتى كۆپ تۆۋەنلىدى .

5 . 300 خىلدىن ئارتۇق يېڭى سورت ۋە شالغۇت سورت ئورۇقلىرىنى يېتىشتۈردى ۋە ياخشىلىدى . بىر قىسىم ئۆي چارۋىلىرى ۋە قۇشلىرىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاپ يېڭى سورتلۇق قوي ۋە گۆش توخۇلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى .

6 . 1994 - يىلى 20 خىل يېڭى كۈزلۈك بۇغداي سورتى ، 13 خىل يازلىق بۇغداي سورتى ، 25 خىل قارا بۇغداي سورتى ، 9 خىل يازلىق ئارپا سورتى ، 13 خىل كۈزلۈك ئارپا سورتى ، 10 خىل كۆك پۇرچاق سورتى ، 9 خىل شالغۇت كۆممىقوناق سورتى ، 9 خىل مايلىق زىرائەت سورتى (ئاپتاپپەرەس ، قىچا ، كەندىر ) ، ئۇنىڭدىن باشقا 14 خىل دورا ئۆسۈملۈكلىرى ، بىر قىسىم ياڭيۇ ۋە كۆكتات سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى .

7 . ئېرسىيەت گېنى ئامبىرىنى تولۇقلاپ ، 10 مىڭدىن ئارتۇق گېن ئەۋرىشكىسىنى يىغىۋالدى .

8 . زىيانداش ھاشاراتلارغا قارشى يۇقىرى ئۈنۈملۈك زىرائەت سورتى يېتىشتۈرۈش سىستېمىسى ۋە ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىپ چىقتى .

9 . ھايۋانات ، ئۆسۈملۈك ئېرسىيەت قۇرۇلۇشىدا خوشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى . بولۇپمۇ ياڭيۇدىكى گېن ئۆزگەرتىش نەتىجىسى ئالاھىدە بولدى ، چارۋىچىلىق جەھەتتە گېنى ئۆزگەرگەن توشقان ، چوشقا ، قويلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى . ھايۋاناتلارنى تېز ئۆستۈرۈش دورىسىنى تەتقىق قىلىپ چىقتى . ئاق قان كېسىلىگە قارشى گېنى ئۆزگەرگەن چارۋىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى . يېڭى خىل ئېرىمچىكنى تەتقىق قىلىپ ، ئەڭ ياخشى رېتسىنلارنى ئىشلەپچىقاردى ، كالا سۈتى ۋە قوي سۈتىدىن دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان بىئولوگىيىلىك ئاكتىپ ماددىلارنى ئايرىپ چىقىشنى تەتقىق قىلىپ چىقتى .

10 . مۇجەيرە قۇرۇلۇشى ساھەسىدە ئاشلىق زىرائەتلىرى ، كۆكتات ، مېۋە - چېۋىلەرنى ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى ياخشىلاپ زىرائەتلەرنىڭ ھاشارات زىيانداشلىقىغا قارشى ئىقتىدارىنى ئاشۇردى .

11 . يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىش سا-

ھەسسىدىمۇ بىر قىسىم نەتىجىلەرنى قولغا كەل-
تۈردى . ئاساسلىقى ، ئوتلاق ۋە چارۋىچىلىق
مەيدانلىرى ئۈچۈن يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ، ئو-
زۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولغان يەم - خەشەك
زىرائەتلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەردى . شىرنىلىك
يەم - خەشەكلەرنى قاچىلاش ئۇسۇلىنى تەتقىق
قىلىپ چىقىپ ، ئاقسىل ماددىسى كەمچىل بولغان
يەم - خەشەكلەرنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئالدىنى
ئېلىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى .

12 . ئۆسۈملۈك ئاسراش جەھەتتە دېھقان-
چىلىق ئېتىزلىرىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تازىلى-
قىنى ۋاقتىدا تەكشۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇپ ،
ئىرسىيەت ئىممۇنىتېت ئارقىلىق زىيانداش ھا-
شاراتلارغا قارشى يېڭى سورتلارنى ئاچتى . ئۆ-
سۈملۈك پاتالوگىيىسىگە ئائىت 200 خىل ئەۋ-
رىشكە ، 600 خىل زەمبۇرۇغ ئەۋرىشكىسى ۋە بەش
خىل ۋاكسىنا يىغىۋالدى .

13 . بىئو ئېكولوگىيە ۋە ئىرسىيەت يې-
تىشتۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق زىيانداش ھا-
شاراتلارنىڭ كۈشەندىلىرىنى تېپىپ چىقتى .

14 . بىر قىسىم يېڭى بىئو لوگىيىلىك دو-
رىلارنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى .

15 . ئۆسۈملۈك ئاسراشقا ئىشلىتىدىغان
مىكرو ئورگانىزملىق دورا ئىشلەپچىقىرىش مودۇل
سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى . 111 خىل يېڭى دېھ-
قانچىلىق دورىسى بىلەن 47 خىل ئوت - چۆپ
يوقىتىش دورىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى .

16 . تۇپراقنى ياخشىلاش ۋە سۇ ئىنشائاتى
جەھەتتىمۇ نۇرغۇن خىزمەتلەرنى قانات ياي-
دۇردى . ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتى ئاساسەن
سۇچىلىق ، ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش ۋە ئو-
زۇقلۇق ماددىلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلنىڭ
مۇۋاپىق بىرىكىش نىسبىتى ئۈستىدە ئىلمىي تەت-
قىقات ئېلىپ باردى .

17 . چارۋىچىلىق تېخنىكىلىرى ساھەسىدە
ھۇجەيرە قۇرۇلۇشى ۋە گېن قۇرۇلۇشى كەڭ
قوللىنىلىپ ، ئەلا نەسىللىك ئۆي چارۋىلىرىنى
بېقىش جەھەتلەردە ئۈنۈملۈك بېقىش ئۇسۇلىنى
قوللىنىپ تۇخۇم ، سۈت مىقدارىنى ئاشۇردى .
كۆشكۈچى ھايۋانلارنى مۇۋاپىق ھالدا ئاشلىق
يەم - خەشىكى بىلەن بېقىش ئۇسۇلىنى قوللى-
نىپ تۇياق سانىنى كۆپەيتتى ، يەم - خەشەك
سەرپىياتىنى تۆۋەنلەتتى . مۇۋاپىق بېقىش تېخ-
نىكىلىرى قوللىنىلغانلىقتىن سۈت ، كالا ، قوي ،
تۇخۇم قۇشلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى
12% تۆۋەنلىدى .

18 . مال دوختۇرلۇق ساھەسىدە 1994 -
يىلىلا 185 تۈرلۈك كەشپىيات يارىتىلىپ ، ئۇنىڭ
84 تۈرى پاتېنتقا ئىلتىماس قىلىندى . 62 تۈرلۈك
ئىلغار دىئاگنوز قويۇش ئۇسۇلى ، 19 خىل ئىم-
شەنچىلىك ، ئۈنۈملۈك ۋاكسىنا ، توخۇ ۋاباسى ۋە
ئۆي قۇشلىرىدىكى كاناي ياللۇغىغا قارشى بىئو-
لوگىيىلىك دورىلارنى تەتقىق قىلىپ ياساپ
چىقتى . ئۇلارنىڭ تۆۋەندىكى ئىلمىي تەتقىقات
نەتىجىلىرى دۆلىتىمىز دېھقانچىلىق ساھەسىدىكى
مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىدى :

چۈۋىن ئارقىلىق ھايۋانات ۋە قۇشلارنىڭ
گەندىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ ئاقسىللىق يەم -
خەشەك ۋە ئورگانىك ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىش ؛

ئىرسىيەت خاتىرىلەش تېخنىكىسى ، بۇ
تېخنىكا چوشقا ، كالىلاردا بىر قەدەر كۆپ ئىش-
لىتىلىدۇ ؛

يەم - خەشەك رېتسىپى ۋە يەم - خە-
شەك تولۇقلىغۇچ تېخنىكىسى ؛

مىكرو ئورگانىزملارنى ئېچىتىش ئارقىلىق
كاروتىن ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ؛

گېنى ئۆزگەرگەن ھايۋاناتلار تېخنى-
كىسى ؛

سويۇم كالا ۋە چوشقىلارنى يېتىشتۈرۈش
تېخنىكىسى ؛

تۆرەلمە كۆچۈرۈش تېخنىكىسى ؛

توخۇنىڭ سپېرمىسىنى توڭلىتىش تېخنىكىسى ؛

قىممەتلىك ھايۋاناتلارنىڭ سورتلىرىنى ساقلاش تېخنىكىسى . بۇنىڭدا ئاساسلىقى سپېرمىنى ۋە تۆرەلمىنى توڭلىتىش تېخنىكىسى ئارقىلىق سورت مەنبە گېنى ئامبىرى قۇرۇش ؛

سۈپەتلىك ئاتىلىق جىنس پىلە ئۇرۇقى يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى .

19 . دېھقانچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش ، ئېلېكترلەشتۈرۈش قەدىمىنى تېزلەتتى . خىمىيىلىك ۋە بىئولوگىيىلىك دورىلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن دېھقانلار ۋە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان تارتما بالداقلىق پۈركۈش ماشىنىسى ، دەرىجىدىن تاشقىرى كىچىك تىپتىكى ئۇرۇق دېزىنفېكسىيە قىلىش ماشىنىسى قاتارلىقلارنى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقاردى . ئۇنىڭدىن باشقا دېھقانچىلىق توشۇش ۋە قاچىلاش ماشىنىلىرىنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ ئۆزگەرتىش ئېلىپ باردى .

**ئالتىنچى : دېھقانچىلىقتا قانۇن تۈزۈشنى كۈچەيتىپ دېھقانچىلىق ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش**

1994 - يىلى 7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى روسىيە ھۆكۈمىتى « 1994 - ، 1995 - يىللىق دېھقانچىلىق ئىسلاھاتى تېزىسى »نى ئېلان قىلدى ، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى يېزا ئىگىلىكىنىڭ كۆپ خىل مۈلۈكچىلىك شەكلىنى بەرپا قىلىش ، دېھقانچىلىق تاۋارلىرىنى ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ھوقۇقىنى كېڭەيتىش ، ئۇلارنى يەر ۋە مال - مۈلۈككە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن قىلىش ، مۇستەقىل ھالدا ئىقتىسادىي ھېسابات ئېلىپ بېرىش ، پايدا - زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولۇش ، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى مۇستەقىل سېتىش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت .

بازار ئىگىلىكى ۋە يېزا مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىش ئۈچۈن ھازىر « دېھقانچىلىق ھەمكارلىق قانۇنى »، « دېھقانچىلىق پاي شىركىتى قانۇنى » ، « دېھقانچىلىق ھەسسىدارلىق پاي شىركىتى قانۇنى » ، « دېھقانچىلىق كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك كارخانىلىرى قانۇنى » تۈزۈلۈۋاتىدۇ .

ئومۇمەن ، روسىيە ھۆكۈمىتى ۋە پارلامېنتى شۇنداقلا جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى سىياسىي كۈچلەرنىڭ ھەممىسى دېھقانچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىسلاھاتىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ ، يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن باشقا تۆۋەندىكى مەسىلىلەرگە نىسبەتەن بىر قىسىم يېڭى تەدبىرلەرنى قوللىنىدۇ :

1 . دۆلەت دېھقانچىلىق - سانائەت بىرلەشمە گەۋدىسىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىدۇ ؛

2 . دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىمپورتىنى چەكلەپ ، ئۆز دۆلىتىنىڭ دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ ؛

3 . دېھقانچىلىق مەبلىغى ۋە يېزا ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىدۇ ؛

4 . مەركەز ۋە رايونلار دېھقانچىلىق بازارلىرىداكەسپىي مۇلازىمەت مەركىزى قۇرىدۇ ؛

5 . يېزىلارنىڭ ئېلېكترلىشىش تورى ۋە ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلىدۇ ؛

6 . « بالىلار يېمەكلىكلىرىنى سانائەتلەشتۈرۈش » ، « شېكەر » ، « ئۆسۈملۈك مېيى » ، « بېلىقچىلىق » ، « روسىيە بولكىسى » قاتارلىق دۆلەتنىڭ دېھقانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان بەش چوڭ تۈرى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ .

# روسىيىنىڭ 1995 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدىكى تاشقى سودا ئەھۋالى

روسىيىنىڭ 1995 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدىكى تاشقى سودا سوممىسى 57 مىليارد 600 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ 1994 - يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 23.6% ئاشقان. ئۇنىڭ ئىچىدە مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىن باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودا 15 مىليارد 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ 30% ئاشقان، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى بىلەن بولغان سودا 11 مىليارد 400 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ 3.6% ئاشقان. مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىن باشقا دۆلەتلەرنىڭ نىسبىتى ئەسلىدىكى 76.4% تىن 80.2% كە ئۆرلىگەن، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەرنىڭ بولسا ئەسلىدىكى 23.6% تىن 19.8% كە تۆۋەنلىگەن.

1995 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا روسىيىنىڭ تاشقى سودا ئاكتىپ بالانس پەرق سوممىسى جەمئىي 15 مىليارد 600 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ 1994 - يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 9 مىليارد 800 مىليون ئامېرىكا دوللىرى كۆپەيدى، بۇ ئاساسلىقى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىن باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودىدىن كەلگەن بولۇپ (14 مىليارد 100 مىليون ئامېرىكا دوللىرى) ئومۇمىي سوممىسىنىڭ ئوندىن توققۇز قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى بىلەن بولغان سودا پەرقى 1 مىليارد 400 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ ئۆتكەن يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 400 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ئازايدى.

روسىيىنىڭ دۇنيادىكى 150 نەچچە دۆلەت بىلەن سودا مۇناسىۋىتى بار، بىراق ئېكسپورت قىلىدىغان مەھسۇلاتنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ئەڭ چوڭ سودا شېرىكى بولغان بەش دۆلەتتە (ئۇكرائىنا، گېرمانىيە، ئامېرىكا، شىۋېيتسارىيە، ئىتالىيە)، بەشتىن ئۈچ قىسمى مۇھىم سودا شېرىكى بولغان 12 دۆلەتتە (يۇقىرىقى بەش دۆلەتتىن باشقا، ياپونىيە، بېلورۇسىيە، ئەنگلىيە، جۇڭگو، گوللاندىيە، فىنلاندىيە، قازاقىستان) كەڭ سېتىلىدۇ.

روسىيىنىڭ ئىمپورت جەھەتتىمۇ مۇشۇنداق ئەھۋاللار بار، ئوخشىمايدىغىنى پەقەت مەركەزلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت: ئالدىنقى ئۈچ دۆلەتنىڭ مەھسۇلاتى (گېرمانىيە، ئۇكرائىنا، ئامېرىكا) روسىيىنىڭ ئومۇمىي ئىمپورت مەھسۇلاتىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ، ئالدىنقى 12 دۆلەتنىڭ مەھسۇلاتى ئىمپورت مىقدارىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلەيدۇ، ئۇلار يۇقىرىقى ئۈچ دۆلەتتىن باشقا قازاقىستان، فىنلاندىيە، گوللاندىيە، بېلورۇسىيە، ئىتالىيە، پولشا، فرانسىيە، ئەنگلىيە، جۇڭگو قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

تاشقى سودا سوممىسىنىڭ ئېشىشى ئالدى بىلەن ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ ئېشىشىدىن بولىدۇ، بىراق ئىمپورت تاۋارلىرىمۇ كۆرۈنەرلىك ئاشتى. 1995 - يىلىنىڭ دەسلىپىدە خەلقئارا بازار ئەھۋالى كۆپ ياخشى بولدى، بولۇپمۇ روسىيىنىڭ تاشقى پېرىۋوت كىرىمگە كاپالەتلىك قىلىدىغان تايانچ تاۋارلارنىڭ باھاسى ئۆسۈپ روسىيىنىڭ ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى ئاشتى. ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنى ئاشۇرۇدىغان سەۋەبلەر كۆپ بولىدۇ، مەسىلەن، دۆلەت ئىچىدىكى بازارلاردا تۆلەش مەبلىغىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، پۇل -

مۇئامىلىنى مۇقىملاشتۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇش ، كرېدىت تارماقلىرىنىڭ قاتتىق چەكلە- شىدىن كېلىپ چىققان ئىشلەپچىقىرىش ، ئىستې- مالنىڭ كېمىيىشى قاتارلىقلار .

كارخانىلار ھازىرقى ۋەزىيەتكە نىسبەتەن مەھسۇلاتلىرىنى ھەر قانداق باھادا ئېكسپورت قىلىشتىن يانمايدۇ ، ماسلىشىش كەمچىل بولغان- لىقتىن دائىم دۆلەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا رىقابەت ئېلىپ بارىدۇ ، ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ باھاسىنى تۆۋەنلەتە- مەكچى بولىدۇ ، نەتىجىدە يېتەرلىك تاشقى پې- رېۋوتقا ئېرىشەلمىگەنلىكتىن مىللىي دارامەتنىڭ بىر قىسمى چەت ئەلگە ئاقىدۇ . تۆۋەن باھادا ئې- كسپورت قىلىش يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا بازارنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ بازار باھاسىنى تۆۋەن- لىتىدۇ ، چەت ئەللىك تاشقى سودا شېرىكلىرى روسىيىلىك ئېكسپورت سودىگەرلىرىگە نىسبەتەن ئەرزان باھادا سېتىشقا قارشى تۇرۇش تەدبىرىنى قوللىنىدۇ .

بۇنىڭدىن بۇرۇن يولغا قويۇلغان رۇبلى- نىڭ ئەمەلىي پېرېۋوت باھا سىياسىتىمۇ ئېكس- پورتنىڭ ئېشىشىغا تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ تاشقى سودىنى كەڭ قويۇۋېتىش فاكچىيىغا ماس كېلىدۇ . بىراق يېقىندا رۇبلىنىڭ پېرېۋوت نىس- بىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن يېڭى تەدبىر قوللىنىلدى . دۆلەت ئىچىدىكى باھانىڭ ئۆرلىشى رۇبلىنىڭ پېرېۋوت نىسبىتىدىن يۇقىرى بولغان شارائىت ئاستىدا رۇبلىنىڭ پېرېۋوت نىسبىتى يولى بەرپا قىلىنىپ ئېكسپورت پايدا نىسبىتىنىڭ تۆۋەنلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى . ئىشلەپچىقى- رىش تارماقلىرىنىڭ ئېكسپورت ئىشلىرىنى ئىل- گىرى سۈرۈشتىن كۆڭلى قالدى ، ئاخىرىدا دۆ- لەت خەزىنىسىدىكى تاشقى پېرېۋوت كىرىمىنىڭ ئازىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى .

روسىيىنىڭ ئېكسپورت تاۋارلىرى ئىچىدە ئاساسلىق تاشقى پېرېۋوت تاپانچ تاۋارلىرى بۇ- رۇنقىغا ئوخشاش يەنىلا ئېنېرگىيە مەھسۇلاتلى- رى ، خام ئەشيا ، ماشىنىسازلىق مەھسۇلاتلىرى ناھايىتى ئاز نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ . ئې- كسپورت تاۋارلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىدا ئېنېرگىيە تاۋارلىرىنىڭ نىسبىتى 1994 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى 42.9% تىن 1995 - يىلى- نىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكى 39.2% كە چۈشۈپ قالغان .

ئېكسپورت قىلىنغان بارلىق مۇھىم يې- قىلغۇ ۋە خام ئەشيانىڭ مىقدارى ئاساسەن دېگە- دەك ئاشتى ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئېكسپورت باھاسىمۇ ئاشتى ، نەتىجىدە 95 - يىلىنىڭ ئال- دىنقى يېرىمىدىكى ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتى 1994 - يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن زور دەرىجىدە ئاشتى .

ستاتىستىكا نەتىجىسىدە كۆرسىتىلىشىچە ، روسىيىنىڭ ئېكسپورت باھاسى ئوخشاش مەز- گىلدىكىدىن ئاشقان : نېفىت تەخمىنەن 26% ، نېفىت مەھسۇلاتلىرى 16% ، تەبىئىي گاز 7% ، كۆمۈر 3% ، كوكس 16% . روسىيىنىڭ ئېكس- پورت تاۋارلىرىنىڭ مىقدارى بۇ مەزگىلدە ئاشتى : كۆمۈر 40% ، خام نېفىت تەخمىنەن 3% ، نېفىت مەھسۇلاتلىرى 6% ، تەبىئىي گاز 0.4% . روسىيە- نىڭ كوكس ئېكسپورت مىقدارى 24% ئازاي- غان . ئېكسپورت قىلىنىدىغان كوكسنىڭ بەش- تىن تۆت قىسمى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمى- سىدىكى دۆلەتلەرگە توشۇلىدۇ ، بىراق مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىن باشقا دۆلەتلەرنى ئېلىپ ئېيتقاندا 18% ئاشقان . روسىيىنىڭ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە چىقىرىدىغان كۆمۈرى سېلىشتۇرما مەزگىل ئىچىدە بىر قاتلاندى . بىراق بۇ دۆلەتلەرگە توشۇلىدىغان خام نېفىتنىڭ مىقدارى 23% ، نېفىت مەھسۇلاتى 43% ، تەبىئىي گاز 13% ئازايدى .

روسىيىنىڭ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەرگە چىقىرىدىغان ئېكسپورتىنى ئازايتىشىدىكى سەۋەب، ئالدى بىلەن بۇ دۆلەتلەرنىڭ تۆلەيدىغان مەبلىغى ۋە ئېكسپورت فوندى روسىيىگە بولغان قەرزىنى تۆلەشكە يەتمەيدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ رىقابەت كۈچىنىڭ كەمچىل بولىشىمۇ بىر سەۋەب.

روسىيىنىڭ ئېكسپورت تاۋارلىرى ئىچىدە قارا مېتال بىلەن رەڭلىك مېتاللارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى كۆرۈنەرلىك ئاشتى، مەيلى مىقدار ياكى باھا بولسۇن بۇ خەلقئارا بازاردىكى باھانىڭ ئۆرلىشى بىلەن مۇناسىۋەتسىز.

رەڭلىك مېتاللار ئىچىدە ساپ مىسنىڭ ئېكسپورت مىقدارى بىر قاتلاندى، پىششىقلاپ ئىشلەنمىگەن نىكېلنىڭ مىقدارى بىر قاتلاندى، پىششىقلاپ ئىشلەنمىگەن ئاليۇمىنىنىڭ مىقدارى 18% تۆۋەنلىگەن. روسىيىنىڭ ساپ مىسنىڭ ئوتتۇرىچە ئېكسپورت باھاسى سېلىشتۇرما مەزگىل ئىچىدە 70% ئاشتى، پىششىقلاپ ئىشلەنمىگەن ئاليۇمىن 54% ئاشتى. شۇ سەۋەبتىن مىسنىڭ ئېكسپورت باھاسى 90%، نىكېلنىڭ بىر ھەسسە، ئاليۇمىن 26% ئاشتى.

روسىيىنىڭ ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ باھاسى مەيلى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى ياكى باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودىدا بولسۇن ھەممىسى ئۆرلىدى. بۇ خىل ئەھۋال روسىيىنىڭ ئېكسپورت باھاسىنىڭ دەل خەلقئارا بازار باھاسى سەۋىيىسىگە يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىراق يەنىلا زور پەرق بار، ھەتتا مىللىي دارامەتنىڭ بىر قىسمى چەت ئەللىك سودا شېرىكلىرىگە ئۆتۈپ كەتتى. مەسىلەن، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودىدىكى ئوتتۇرىچە ئېكسپورت باھاسى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىن باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودىدىكى ئېكسپورت باھاسىدىن كۆپ تۆۋەن: كۆمۈر 8.8%، خام نېفىت 24.5%، تەبىئىي گاز 26.1%، سۇسىز ئاممىياك 14.4% تۆۋەن.

1995 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمى روسىيىنىڭ ئىمپورت تاۋارلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىدا ئىككى خىل تاۋار يەنى ماشىنا ئۈسكۈنىلەر ( 38% ) بىلەن يېمەكلىك ( 28% ) بارلىق ئىمپورتنىڭ بەشتىن ئۈچ قىسمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى.

ئىمپورت، روسىيىنىڭ تاشقى سودىسىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ، بولۇپمۇ گۆش، گۆش يېمەكلىكلىرى ۋە كونسېرۋالار 1995 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئىمپورت قىلغان ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 5% نى، ئىسپىرتلىق ۋە ئىسپىرتسىز ئىچىملىكلەر 2.8% نى، ئاق شېكەر 1.3% نى، خام قايماق 1.2% نى، يېغى بېلىق، توڭلىتىلغان بېلىق ۋە بېلىق گۆشى 0.5% نى ئىگىلىدى.

1995 - يىلى 6 - ئايدىكى ئامېرىكا دوللىرى بىلەن رۇبلىنىڭ پېرېۋوت نىسبىتىنىڭ تۆۋەنلىشى ھەم 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى تاموژنا باج نىسبىتىنىڭ ئۆرلىشى ئىمپورت مىقدارىنىڭ ئۆرلىشىگە ( بولۇپمۇ يېمەكلىكنىڭ ئىمپورتى ) بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىپ ئىمپورت سودىگەرلىرىنىڭ تاۋارلارنى غەملۆېلىشىغا تۈرتكە بولدى. كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى، دورا ۋە باشقا بىر قىسىم تاۋارلارنىڭ ئىمپورت قىلىنىشىمۇ روسىيىگە نىسبەتەن زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

يېمەكلىك، سودىدىكى تەتۈر پەرققە مەنسۇپ بولغان بىر خىل تاۋار: 1995 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا يېمەكلىكنىڭ ئېكسپورتى ئىمپورتنىڭ پەقەت 9.8% تىنىلا تولدۇردى، قالغان 5 مىليارد 400 مىليون ئامېرىكا دوللىرىنى روسىيە ئېنېرگىيە، خام ئەشيا ئېكسپورت قىلىش ئارقىلىق تولۇقلىدى.

ماشىنسازلىق مەھسۇلاتلىرىمۇ سودىدا

تەتۈر پەرققە مەنسۇپ بولغان بىر خىل تاۋاردۇر. 1995 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا بۇ خىل مەھسۇلاتنىڭ ئېكسپورت سوممىسى ئىمپورت سوممىسىنىڭ 57.6% ( 1994 ـ يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدە 44.1% ) تىنى تولۇقلىدى، قالغان تەخمىنەن 3 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدىكى مەبلەغنى ئېنېرگىيە، خام ئەشيا ئېكسپورت قىلىشقا تايىنىپ تولۇقلىدى.

روسىيىنىڭ تاشقى سودا تەرەققىيات ئەھۋالى

| | 95 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمى (مىليون ئامېرىكا دوللىرى) | 94 ـ يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكى بىلەن سېلىشتۇرمىسى (%) |
|---|---|---|
| تاۋار ئېكسپورت سوممىسى | 366 | 129.7 |
| مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى | 64 | 100.1 |
| باشقا دۆلەتلەر | 302 | 138.5 |
| ئىمپورت سوممىسى | 210 | 114.6 |
| مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى | 50 | 108.2 |
| باشقا دۆلەتلەر | 160 | 116.8 |

# جۇڭگو، تۈركىيىنىڭ دۇنيا پاختىچىلىق بازىرىغا بولغان تەسىرى

كىشىلەرگە مەلۇمكى، پاختا سانائىتىنىڭ دۇنيا بازىرىدا رىقابەتلىشىۋاتقانلىقىغا ئۇزۇن بولدى، پاختا بىلەن تەمىنلەش پۈتۈن دۇنيادا بارغانچە ئازايماقتا. جۇڭگو بىلەن پاكىستان ئۇدا ئىككى يىل كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىغا، ئاۋستىرالىيە بىلەن ئىسپانىيە ئۇدا ئىككى يىل قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچرىدى. 1994 ـ يىلى دۇنيا پاختا باھاسى 1992 ـ ۋە 1993 ـ يىللىرىدىكى دۇنيا پاختا باھاسىغا قارىغاندا تەخمىنەن 20% ئاشتى. بۇ پاختىچىلىق سانائىتىدە قىسقا ۋاقىتلىق پايدىنى پەيدا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن دۇنيا بازىرىنىڭ ئېھتىياجى ۋە تەمىنلىشىمۇ يەنە ئاشتى. جۇڭگو، تۈركىيە بۇ ئۆزگىرىشنى ئوخشاشلا ھېس قىلدى ۋە مۇۋاپىق چارە ـ تەدبىرلەرنى بېكىتتى، بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ھەر قايسىسى ئۆز دۆلەتلىرىدە كەلگۈسى بازارنى كۆزدە تۇتۇپ ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى ئېلىپ باردى.

جۇڭگودا پاختا مەھسۇلاتىنىڭ 23% تۆۋەنلەپ كېتىشىدىكى سەۋەپ، كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقى، ھەر خىل ئاپەت خاراكتېرلىك ھاۋا كىلىماتىدىن ئىبارەت، جۇڭگونىڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى ئاساسلىق ئىقتىسادىي سانائەتلەرنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئېكسپورت ئارقىلىق تاشقى پېرېۋوت يارىتىشتا ئەڭ كۈچلۈك تارماق. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى پاختىچىلىققا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى پىلانلىغان. يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى پاختىدا بولىدىغان زى-

ياندىش ھاشارات - غوزا قۇرتىنى ئومۇميۈزلۈك تىزگىنلەپ ، 1994 - يىلى ئۈنۈملۈك چارە - تەدبىرلەرنى بېكىتىپ ، زور كۆلەم ، زور دائىرىدە ھاشارات يوقىتىش دورىلىرىنى ئىشلىتىپ ھاشارات زىيانداشلىقىنى ئاساسەن تىزگىنلەپ بولۇشنى ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھەر تۈركۈم تېخنىك خادىملارنى تەربىيىلەپ چىقىشنى ئېلان قىلدى . بۇ ئېھتىياجنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى ھازىر ھاشارات زىيانداشلىقىنى ئۇنىۋېرسال كونترول قىلىش بىرلەشمە گەۋدىسىنى قۇرماقتا ، پىلانلىق ھالدا تېخنىك خادىملارنى تەربىيىلەپ ، خىمىيىلىك ۋە بىئولوگىيىلىك دورىلارنى ئىشلىتىپ ، ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئالماقتا . ھەر قايسى ئۆلكىلەرنىڭ رەھبەرلىرىمۇ بۇ خىزمەتكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرمەكتە . جۇڭگو پاختا كەندىر باش شىركىتى خەلقئارا سودا مىنىستىرى ھازىر 2 مىليون 500 مىڭ توننا پاختا سىغدىغان پاختا ئامبىرىنى قايتا قۇرۇشقا مەسئۇل بولۇپ ، بۇ ئامبارنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن جۇڭگو تەرەپ دۇنيا بانكىسىدىن پۇل ياردەم بېرىشنى ئۆتۈنمەكتە . 1994 - يىلىدىكى كېۋەز ئۇرۇقىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ، يېقىندا جۇڭگو ھۆكۈمىتى 2 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن كۆپ پۇلنى رىنىگە قويدى . بۇ ھازىر جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتقانلىقىنى ، 2010 - يىلى دۇنيا سانائىتىگە رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارى بار بولغان دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ .

جۇڭگو ھازىر توقۇمىچىلىق سانائىتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ مۇۋاپىق يولىنى ئىزدەمەكتە . كونىسىنى ئىشلىتىۋاتقان ئېكسپورت بازىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ ، دۇنيادىكى ئەڭ زور توقۇمىچىلىق ماشىنىلىرىنى ياساش سودىگەرلىرى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ، بىرلىكتە مەبلەغ سېلىپ ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بارماقتا .

1994 - يىلىنىڭ باشلىرىدا دۇنيا پاختا باھاسى ئۆرلەشكە باشلىغاندا ، تۈركىيە ھۆكۈمىتى پاختا ئېكسپورت بېجىنىڭ 60% نى ئەمەلگە ئاشۇردى . 1993 - يىلى تۈركىيە تارۇس توقۇمىچىلىق كارخانىسى 650 مىڭ توننا پاختا سەرىپ قىلدى ، توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ، 1990 - يىلىدىن 1993 - يىلىغىچە تۈركىيە ئىمپورت قىلىنىدىغان پاختىنىڭ مىقدارىنى 75 مىڭ 325 توننىدىن 200 مىڭ 154 توننىغا كۆپەيتتى . بۇ مەزگىلدە تۈركىيىدە پاختا يىپىنىڭ باھاسى تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكتىن ، پاختا يىپىنىڭ ئېكسپورت مىقدارى زور دەرىجىدە كۆپەيدى ، پاختا يىپىنىڭ ئېكسپورت مىقدارى 1990 - يىلىدىكى 95 مىڭ 845 توننىدىن كۆپىيىپ 1993 - يىلىغا كەلگەندە 135 مىڭ 600 توننىغا يەتتى .

تۈركىيە دۇنيادىكى 7 - چوڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىش دۆلىتى ، شۇنداقلا ياۋروپا بازىرىدىكى پاختا بىلەن تەمىنلەشتە ئىككىنچى چوڭ سودىگەر . ئۆز دۆلىتىنىڭ بازارلىرىنى قوغداش ئۈچۈن ، پاختا بېجى مۇشۇنداق دەرىجىدە ساقلىنىدۇ ، لېكىن دۆلەت ئىچىدىكى پاختىنىڭ سېتىلىش باھاسىنىڭ ئۆسۈشى بىر قەدەر كىچىك بولىدۇ . بۇ خىل ئەھۋال تۈركىيىدىكى دېھقانلارنىڭ پاختا تېرىش قىزغىنلىقىغا تەسىر يەتكۈزمەكتە . بۇنىڭ نەتىجىسى تۈركىيىنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ . شۇڭا تۈركىيە ھۆكۈمىتى ھازىر توسالغۇلارنى يوقىتىپ بۇندىن كېيىنكى پاختا ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى تۈزمەكتە . مەسىلەن : تۈركىيە ھۆكۈمىتى ھازىر شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان ئاناتولىيىگە خېلى كۆپ مەبلەغ سېلىپ ، پىلانىنى 10 يىل ئىچىدە تاماملىماقچى . ئۇ ۋاقىتتا 52 مىليارد كۇۋادرات مېتىرلىق تېرىشقا بولىدىغان يەرنى كۆپەيتىدۇ .

پاختا مەھسۇلاتىنى 1995 - يىلىدىكى پاختا
مەھسۇلاتى ( 65 مىڭ تونىنا ) ئاساسىدا 1 مىليارد
تونىنىغا يەتكۈزۈپ ، دۇنيادىكى تۆتىنچى چوڭ
پاختا ئىشلەپچىقىرىش دۆلىتىگە ئايلىنىدۇ ،
شۇنداقلا دۇنيادا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدىغان
دۆلەتلەر قاتارىغا كىرىدۇ . بۇنى تۈركىيە ھۆكۈ-
مىتى ئۇزۇن مۇددەت قوللايدۇ .

جۇڭگو بىلەن تۈركىيە پاختا ئىشلەپچى-
قىرىشنىڭ كەلگۈسىنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇپ
يەتتى ، ھازىر بۇ ئىككى دۆلەت ئېھتىياجنى قان-
دۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلماقتا .

## شىنجاڭ غەربىنىڭ مۇھىم يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولۇپ قالدى

شىنجاڭ ھازىر دۆلىتىمىزنىڭ غەربىدىكى
مۇھىم يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بو-
لۇپ قالدى . پۈتۈن مەملىكەت يەر كۆلىمىنىڭ
ئالتىدىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدىغان شىنجاڭدا 46
مىليون مو تېرىلغۇ يەر ، 147 مىليون مو يېزا ئى-
گىلىكىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان بوز يەر بار ، بۇ
پۈتۈن مەملىكەتتىكى يېزا ئىگىلىكىگە مۇۋاپىق
كېلىدىغان بوز يەرنىڭ 28% نى ئىگىلەيدۇ .

80 - يىللاردىن بۇيان شىنجاڭدا ئىش-
لەپچىقىرىلغان ئاشلىق بىلەن شىنجاڭ ئۆز خەل-
قىنى تەمىنلەپلا قالماي ، بەلكى ھەر يىلى 500
مىڭ تونىنا ئەتراپىدىكى ئاشلىقنى غەربىي شىمال-
دىكى بەش ئۆلكىنىڭ ئاشلىق جەھەتتىكى تەڭ-
پۇڭلۇقىنى ساقلاشقا ، بولۇپمۇ چىڭخەي قاتارلىق
ئۆلكىلەرنىڭ ئاشلىق جەھەتتىكى بوشلۇقىنى
تولدۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىپ ئۆزىنىڭ مۇھىم
رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلدى .

شىنجاڭنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشىدا يېڭى
كۆچلەر بارلىققا كېلىپ ئومۇمىي مەھسۇلات ،
بىرلىك مەھسۇلات ۋە كىشى بېشىغا توغرا كېلى-
دىغان مىقدارلارنىڭ ھەممىسى ئۈدا نەچچە يىل
ھەر قايسى ئوبلاست ۋە رايونلارنىڭ ئالدىدا تۇ-
رۇپ كەلدى . 1994 - يىلى شىنجاڭنىڭ پاختا
ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 825 مىڭ تونىنىغا يې-
تىپ ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئەڭ زور تاۋار پاختا
بازىسى بولۇپ قالدى .

1994 - يىلى شىنجاڭنىڭ مايلىق دان
مەھسۇلاتى 500 مىڭ تونىنىغا يەتتى ، بۇ پۈتۈن
رايوننىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغاندىن سىرت يەنە
60% تىن كۆپرەكى خېبېي ، شەندۇڭ قاتارلىق
جايلارغىمۇ سېتىپ بېرىلدى . بۇلاردىن باشقا
شىنجاڭ يەنە دۆلەت ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم قى-
زىلچا ۋە مېۋە - چېۋە بازىسى ، يىللىق مەھ-
سۇلات مىقدارى 300 مىڭ تونىنىغا يېتىدىغان شې-
كەر ۋە بىر مىليون تونىنىدىن ئاشىدىغان مېۋە -
چېۋە بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى بازارلارنى تەمىن-
لەپلا قالماي ، يەنە چەت ئەللەرگىمۇ ئېكسپورت
قىلىنىدۇ .

كۆلىمى 720 مىليون موغا يېتىدىغان
يەرنى يايلاق ئورنىدا ئىشلىتىدىغان شىنجاڭ ،
مەملىكەت ئىچىدىكى ئىككىنچى چوڭ چارۋىچىلىق
مەيدانى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ . چارۋىچىلىقتا شىن-
جاڭ ئۈدا 17 يىل مول ھوسۇل ئالدى . 1994 -
يىلىنىڭ ئاخىرىدا چارۋا سانى 360 مىليون تۇياققا
يەتكەن ، بۇلار مەملىكىتىمىزنىڭ يېنىك سانائەت
توقۇمىچىلىقىنى قوي يۇڭى ۋە تېرە قاتارلىقلار
بىلەن تەمىنلەپ ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى
يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ھەسسە قوشماقتا ،
ھازىر شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدا چارۋا
بېقىشنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرماقتا .

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، مەركەز زور مىقداردا ماددىي مەبلەغ ئاجرىتىپ، شىنجاڭدا ئالتە دۆلەت دەرىجىلىك تاۋار ئاشلىق بازا ناھىيىسىنى، 13 دۆلەت دەرىجىلىك ئېسىل سۈپەتلىك پاختا بازا ناھىيىسىنى، بىر قىزىلچا ئىشلەپچىقىرىش بازا ناھىيىسىنى ۋە 24 ئۆلكە دەرىجىلىك تاۋار ئاشلىق بازا ناھىيىسىنى قۇرۇپ چىقتى. يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش قۇرۇلۇشىنى زور كۆلەمدە ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش دائىرىسىنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن ئاشۇردى، پاختا ۋە قىزىلچا ئىشلەپچىقىرىشى ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتتى. شىنجاڭ يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان پەقەت پاختا ئىشلەپچىقىرىشىدىن ئىبارەت بىر تۈردىلا ھەر يىلى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى نەچچە يۈز مىليون يۈەندىن ئاشۇردى.

ئىگىلەشلەرگە قارىغاندا، ھازىر ئون نەچچە ئۆلكە، شەھەرلەر شىنجاڭغا مەبلەغ سېلىپ يېزا ئىگىلىكى ۋە چارۋىچىلىقنى ئېچىپ، بۇ ئارقىلىق ئاشلىق، پاختا، ماي ۋە شېكەر قاتارلىقلارغا ئېرىشمەكچى بوپتۇ. قىسقىغىنە بىر نەچچە يىل ئىچىدە باشقا ئۆلكە ۋە رايونلارنىڭ شىنجاڭنىڭ پاختا بازا قۇرۇلۇشىغا سالغان مەبلىغى 240 مىليون يۈەن خەلق پۇلىغا يەتتى.

## روسىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ 1995 - يىللىق سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى

روسىيە فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان 1995 - يىلى ئىككىنچى پەسىللىك «ماكرو ئىقتىساد مۇقىملىقى» ئاساسىي جەھەتتىن ماددىي ئىشلەپچىقىرىش دائىرىسىنى كۆزدە تۇتقان. بۇنى 1994 - يىلى يازدا بەرپا قىلىنغان ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇقىم ۋەزىيىتى 1995 - يىلى تامامەن كاپالەتكە ئىگە بولدى، دېيىشكىمۇ بولىدۇ. گەرچە 1994 - يىلى بۇ كۆرسەتكۈچ 25% - 26% تۆۋەن بولغان بولسىمۇ، لېكىن 1995 - يىلىنىڭ دەسلەپكى يېرىم يىلىدىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تۆۋەنلەش سەۋىيىسى 4% - 4.5% تىن ئېشىپ كەتمىدى. ئەگەر بەلگىلەنگەن بۇ خىل يۆلىنىش يىل ئاخىرىغىچە داۋام قىلسا، ئۇنداقتا 1995 - يىلىدىكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى 1994 - يىلىدىكى سەۋىيىگە قارىغاندا 4% - 6% تۆۋەنلەپ كېتىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى. ئانالىز قىلىشىمىزچە، ئەھۋالنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ھۆكۈمەت مالىيە خام چوت سىياسىتىنىڭ ئەڭ ياخشى فاكتورىدە ئوخشىماسلىق بار دەپ، پەرەز قىلساق، تۆۋەنلەشنىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكى 8% - 10% بولۇشى مۇمكىن.

سانائەتنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تۆۋەنلەش سۈرئىتىنى ئانالىز قىلىشقا قارىغاندا، 1995 - يىلىنىڭ بىرىنچى پەسلىدىكىگە قارىغاندا ئۆزگىرىش بولمىغان. ئىلگىرى ئىشلەپچىقىرىشقا كېرەكلىك بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تۆۋەنلەش سۈرئىتى بارلىق سانائەت تارماقلىرى ئىشلەپچىقىرىش سۈرئىتىنىڭ تۆۋەنلىشىدىن تېز ئىدى.

خام ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئوتتۇرا مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى پەقەت تۆۋەنلەش سۈرئىتى ئاستىلاشتەك ۋەزىيەتنى ساقلاپلا قالماي، (مەسىلەن: ئورمانچىلىق ۋە ياغاچ ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى) بەلكى 1994 - يىلىدىكىگە قارىغاندا مۇقىم

ئۆرلەش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى (مەسىلەن :قارا رەڭلىك مېتال ۋە رەڭلىك مېتال سانائىتى ، خىمىيە سانائىتى ۋە نېفىت خىمىيە سانائىتى قاتارلىق جەھەتلەردە ).

1995 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا ، يېقىلغۇ ئېنېرگىيە بىرلەشمە كارخانىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى بىر قەدەر تۇراقلىق بولدى ، چۈنكى ئېلېكتر سانائىتىنىڭ تۆۋەنلەش سۈرئىتى يېقىلغۇ سانائىتىنىڭ تۆۋەنلەش سۈرئىتىدىن ئاستا بولدى .

مۇھىم تاۋار بازارلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ۋە سانائەت مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئىچكى - تاشقى ئېھتىياج ۋەزىيىتىنى مۆلچەرلەشنىڭ نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا ، 1995 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدا ئېكسپورتقا يۈزلىنىدىغان سانائەت تارماقلىرى پايدىلىق ۋەزىيەت بويىچە تەرەققىي قىلىدۇ : ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كۆپىيىشى كەم دېگەندە ئالدىنقى يېرىم يىلدىكى ۋەزىيەتنى ساقلاپ قالىدۇ . دۆلەت ئىچىدىكى كېرەكلىك تاۋار بازارلىرىغا زور دەرىجىدە يۈزلەنگەن تارماقلار ، مەسىلەن : يېنىك سانائەت ، يېمەكلىك سانائىتى ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سانائىتى قاتارلىقلارنىڭ تۆۋەنلىشى بارلىق سانائەتنىڭ تۆۋەنلىشىدىن ئېشىپ كېتىدۇ . ئېكسپورت تاۋارلىرى جەھەتتىكى تەرەققىيات رىقابىتى شارائىتىدا ، رۇبلىنىڭ كۇرسىنى تۇراقلاشتۇرۇش بۇ ۋەزىيەتنىڭ توپ بۇرۇلۇشىنى قوزغىيالمىدى .

روشەنكى ، 1993 - ۋە 1994 - يىللىرىدىكى يېڭى دولقۇن ئۆتۈپ كەتتى . هازىر ئەمەلىيەتتە ماس كەلمەيدىغان مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىپ ، ئىقتىسادتا تايانچ رولنى ئۆتەيدىغان مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىدى ، بۇ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى پەقەت كونا ھۈنەر سەنئەت ئۇسكۈنىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ . ئۇنداق قىلمىسا بۇندىن كېيىنكى ئىشلەپچىقىرىش يەنىلا گۈللەنمەيدۇ .

سانائەت ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىنىڭ خام ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىش سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سۈرئىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە شارائىت هازىرلاپ بېرىشكە بولمايدۇ .

يۇقىرى ۋە يېڭى ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى ۋە سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان سايمانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنى كۈچەيتىش مۇئەييەن ۋاقىت خاراكتېرىغا ئىگە ، لېكىن هازىر دەسلەپكى ئىشلەپچىقىرىش مەغلۇپ بولۇش ۋەزىيىتىدە تۇرماقتا . ئەكسىچە مىس ، نىكېل قاتارلىقلارنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ئاشماقتا ، قەغەز قىيامى ، قەغەز تاختا ، شۇنىڭدەك ئاممىۋى خاراكتېرلىك مېتال مەھسۇلاتلار ، ئامىياك ، سۇلفات كىسلاتاسى ۋە مىنېرال ئوغۇتلارنىڭ مەھسۇلات مىقدارىمۇ ئاشماقتا .

ئومۇمەن ، بۇلارنىڭ ھەممىسى دۆلەت ئىچىدىكى پۇلنىڭ پاخاللىشىشىغا سەلبى تەسىر كۆرسىتىدۇ .

مەسىلە ، چەت ئەل بازارلىرى روسىيەدىكى خام ماتېرىيال تارماقلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرىغا مۇقىم ئېھتىياجلىق بولغانلىقتىن روسىيەدىكى كارخانىلارنىڭ بۇ مەھسۇلاتلارغا بولغان ئېھتىياجى تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكى بىلەن كارى بولمىغانلىقىدا . بۇ خام ماتېرىيال ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى قوغداش ئۈچۈن باھاسىنى يۇقىرى كۆتەردى ، ئۇلار بۇ مەھسۇلاتلارنى سېتىش يولىدىن غەم تارتمايدۇ . بۇ ئەھۋال جىددىي تارقىتىلىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ تەننەرخىنى ۋە باھاسىنى يۇقىرى ئۆرلىتىدۇ .

## تۈركىيە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ نېفىت ۋە قىممەت مېتاللىرىنى ئېچىش ئۈچۈن مەبلەغ سالماقچى

تۈركىيىنىڭ ئېنېرگىيە ۋە تەبىئىي بايلىق مىنىستىرى، ئەنقەرەدە ئېچىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ۋە تۈركىيە مۇتەخەسسىسلىرى قاتناشقان گېئولوگىيە ۋە كان ئېچىش يىغىنىدا، تۈركىيە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە مەبلەغ سېلىپ قىممەتلىك مېتاللارنى قازماقچى، دېگەن.

يەنە، تۈركىيە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كان ئېچىش شىركىتى موڭغۇلىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك شىركەتلىرى بىلەن موڭغۇلىيىنىڭ بارۇن گول رايونىدا ئالتۇن قېزىش كېلىشىمنامىسىگە ئىمزا قويىدى، دېدى. بۇ شىركەت يەنە موڭغۇلىيىنىڭ بىر كۆمۈر كېنىنى ئېچىش ئۈچۈن ئىمكانىيەت-چانلىقى بولغان دوكلاتنى تەييارلىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزبېكىستان ۋە قازاقىستانلار-نىڭ ئالاقىدار دائىرىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، بۇ ئىككى دۆلەتتە قىممەتلىك مېتاللارنى ئېچىش تەييارلىقىنى قىلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، تۈركىيە نېفىت شىركىتى خەلقئارالىق مالىيە گۇرۇھىغا قاتناشتى، ئۇلار ئەزەربەيجان، قازاقىستان ۋە تۈركمەنىستانلارنىڭ نېفىتلىكىنى ئاچماقچى.

## پاكىستاننىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشى ۋە توقۇمىچىلىق سانائىتى

پاختا ــ پاكىستاننىڭ ئەڭ مۇھىم ئىقتىسادىي مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىرى.

1991 - يىلدىن 1992 - يىلىغىچە، پاكىستاننىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشىدا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ھالەت كۆرۈلۈپ ئەڭ يۇقىرى مەھسۇلات مىقدارى 12 مىليون 822 مىڭ تايىغا يەتتى، پاختا مەھسۇلاتىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، توقۇمىچىلىق سانائىتىمۇ مۇقىم قەدەم بىلەن راۋاجلاندى. لېكىن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا، پاكىستاننىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشى تۈرلۈك ئوڭۇشسىزلىقلارغا دۇچ كەلدى. پاختا مەھسۇلاتى تۆۋەنلەپ، 1993 -، 1994 - يىللىرى ئارانلا 7 مىليون 600 مىڭ تايىغا يېتىپ، 1991 -، 1992 - يىللاردىكىدىن 40% ئازلاپ كەتتى. نەتىجىدە پاختا دۆلەت ئىچىدىكى فابرىكىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالماي، پاختا ئېكسپورت قىلىش ۋاقىتىنچە توختىتىلدى، پاكىستاننىڭ دۆلەت ئىچىدىكى زاۋۇتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى داۋاملاشتۇرۇشى ئۈچۈن، چەت ئەللەردىن زور مىقداردا پاختا ۋە بىرىكمە تالا سېتىۋېلىپ، دۆلەت ئىچىدىكى زاۋۇتلارنى تەمىنلەشكە توغرا كەلدى.

پاكىستان ھازىر كەلگۈسىنى كۆزدە تۇتۇپ، مەھسۇلاتنىڭ كېمىيىپ كېتىشى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدىغان زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، پاختىنى زاپاس ساقلاشنى پىلانلاۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەھسۇلات مىقدارىنى 1991 -، 1992 - يىللاردىكى يۇقىرى رىكورتقا يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللانماقچى بولۇۋاتىدۇ.

1947 - يىلى پاكىستان مۇستەقىل بولغان دەسلەپكى مەزگىلدە پاختا مەھسۇلات ئارانلا بىر مىليون تاي ئىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پاختا ئىشلەپچىقىرىشى تېز تەرەققىي قىلىپ،

مەھسۇلات مىقدارى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 12 مىلـ
يون 822 مىڭ تايغا ، ھەر ئون مىڭ كۋادرات
مېتىر يەرنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 769 كىلوگرامغا
يېتىپ ، دۇنيانىڭ شۇ چاغدىكى ھەر ئون مىڭ
كۋادرات مېتىر يەرنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 601
كىلوگرام بولۇش سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كەتتى .
ئۇلار پاختا سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ، كىرىمىنى
ئاشۇرۇش ئۈچۈن ، مەھسۇلات مىقدارىنى ئاشۇ-
رۇشتىن سىرت ، يەنە يېڭى ۋە ئەڭ ياخشى پاختا
پىرسلاش ماشىنىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇردى .

كۆپ يىللاردىن بۇيان ، پاكىستان كېۋەز
ئۆستۈرۈش ۋە زىيانداش ھاشاراتلاردىن ساقلىـ
نىش جەھەتتە مەلۇم نەتىجىلەرنى قولغا كەلـ
تۈردى . بۇ نەتىجىلەر پاختىكارلار ، ئالىملار ۋە
ھۆكۈمەتنىڭ ئۆز ئارا ھەمكارلىشىپ ، ماسلىشىپ ،
ئۇنىۋېرسال تەدبىرلەرنى يولغا قويۇشى نەتىجە-
سىدە قولغا كەلدى . بۇ تەدبىرلەر خىمىيىۋى
ئوغۇت ئىشلىتىش ، ھەر خىل يېڭى سورتلارنى
كىرگۈزۈش ۋە ھۆكۈمەتنىڭ يۆلەش سىياسىتى
قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بىراق ، 1992 -
- يىلدىن 1993 - يىلغىچە ، ھەتتا 1994 - يى-
لىغىچە ، پاكىستاننىڭ كېۋەزلىرى ھوسۇل يىغىش
مەزگىلىدە ئاپەتكە ئۇچرىدى . ناچار ھاۋارايى ۋە
كەلكۈندىن باشقا ، كېسەللىك ۋىرۇسلىرىمۇ كې-
ۋەزگە ھۇجۇم قىلدى . ۋىرۇستىن يۇقۇملانغان
كېۋەز ۋە باشقا زىرائەتلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى قو-
رۇلۇپ ، ناھايىتى تېزلا تۆكۈلۈپ زىرائەتلەرنىڭ
مەھسۇلاتى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەپ كەتتى . بۇ
ۋىرۇسنىڭ پاكىستاندا پەيدا بولۇشى يېڭى ئەھۋال
ئەمەس ، لېكىن ئۇنىڭ زىيىنى ئەزەلدىن مۇنداق
ئېغىر بولۇپ باقمىغان .

پاكىستان ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئالاقىدار
ئەربابلىرى ھازىر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە
تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق ۋىرۇسنىڭ تارقىلىشى
ھەم ئۇنىڭدىن مۇداپىئەلىنىش تەدبىرلىرىنى تې-
پىپ چىقماقچى بولىۋاتىدۇ . شۇنى ئېنىق مۇئەي-
يەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى : بۇ خىل ۋىرۇس
ۋاستىلىك تارقىلىدۇ . بۇ ۋاستىچى دەل ئاق
چىۋىندىن ئىبارەت . شۇڭا ئاق چىۋىن چىشلەپ
قويغان ياكى ئۇ ، قونۇپ ئۆتكەن ئورۇنلارغا
چوقۇم دەرھاللا دورا پۈركۈش لازىم . باشقا يو-
شۇرۇن ۋاستىچىلار بولسا تېخى ئېنىقلانمىدى .

كېسەللىك زىيىنىنى تۈگىتىش ئۈچۈن ،
ئۇلار بىر قاتار ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى تۈ-
زۈپ چىقتى . مەسىلەن ، ئاق چىۋىن ۋە باشقا
زىيانداش ھاشاراتلەرنى ئاسان جەلب قىلىدىغان
كېۋەز سورتلىرىنى تېرىماسلىق ، تۇپراقتىن كې-
سەل تارقىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن
تۇپراقنى دائىم دېزىنفىكسىيە قىلىپ تۇرۇش ؛
ۋىرۇسنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغان يەرگە بىر قانچە
يىلغىچە كېۋەز تېرىماسلىق ؛ نۇرغۇن قېتىم كۆپ
مىقداردا زىرائەت تېرىلغان يەرگە كېۋەز تېرى-
ماسلىق . ئەنبەھ دەريخى ئاپتاپپەرەسنىڭ ئەتراپى
ۋە باشقا زىرائەتلەردە ئاق چىۋىننىڭ يوشۇرۇنـ
ۋېلىش ئېھتىمالى بولغانلىقتىن ، بۇ خىل زىرائەتـ
لەرنىڭ مەھسۇلاتى يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن ، شاخ
- شۇمبىلىرىنى ئاغدۇرۇپ يەر ئاستىغا كۆمۈ-
ۋەتمەستىن كۆيدۈرۈۋېتىش قاتارلىقلار . دېھقانـ
چىلىق كېڭەيتىش مىنىستىرلىكى كەڭ دائىرىدە
ئۇقتۇرۇش تارقاتتى ۋە بۇيرۇققا بىنائەن بۇ خىز-
مەتكە ياردەم بېرىشكە باشلىدى .

پاختا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشى
توقۇمىچىلىق سانائىتىگە تۈرتكە بولدى . توقۇ-
مىچىلىق سانائىتى پاكىستاننىڭ ئاساسلىق ئىقتى-
سادىي سانائىتى ھېسابلىنىدۇ . ھازىرغىچە تەخمى-
نەن يەتتە مىليون ئۇرچۇق ۋە 100 مىڭ دەستىگاھ
بار بولۇپ ، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ توم يىپ ئې-
كىسپورت دۆلىتى ھېسابلىنىدۇ . بۇنىڭدىن كىر-
گەن تاشقى پېرېۋوت پاكىستاننىڭ پۈتكۈل
تاشقى پېرېۋوت كىرىمىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرە-

كىنى ئىگىلەيدۇ. دۆلەت ئىچىدىكى تۈرلۈك سانائەت تارماقلىرى ئىچىدە ئىشچى سانى ئەڭ كۆپ، كۈچى ئەڭ زور سانىلىدۇ. 1992 - يىلىدىن 1993 - يىلىغىچە، 50 مىليون 744 مىڭ 488 ئورام پاختا يىپ ئىشلەپچىقىرىپ، 3 مىليون 105 مىڭ 835 ئورامنى ئېكسپورت قىلدى. تەخمىنەن 5 مىليون 5 يۈز مىڭ ئورامنى دۆلەت ئىچىدىكى توقۇمىچىلىق سانائىتى ۋە باشقا ياردەمچى كەسىپلەرنىڭ ئىشلىتىشىگە يەتكۈزۈپ بەردى. تەخمىنەن 2 يۈز مىڭ ئورامنى چەت ئەل زاۋۇتلىرىغا يەتكۈزۈپ بەردى.

1 - دەرىجىلىك يەرلىك پاختا كەمچىل بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پاختا باھاسى ئۆرلەپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن، 1993 -، 1994 - يىللىرى ئىچىدە، پاكىستاننىڭ دۆلەت ئىچى توقۇمىچىلىق سانائىتى بىر مەزگىل قىيىن ئەھۋالدا قالدى. ئېھتىياج ئۆزگىرىپ، ئىنچىكە يىپ تەلەپ قىلىنغانلىقتىن، كۆپ ساندىكى فابرىكىلار ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ، سۈپىتى ياخشى، باھاسى يۇقىرى بولغان سىپتا يىپ ۋە ياخشى توقۇلما مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق خەلقئارا بازاردىكى كەسكىن رىقابەتكە ماسلاشماقتا. ھازىر پاكىستاننىڭ دۆلەت ئىچىدىكى توقۇمىچىلىق سانائىتى تويۇنۇش ھالىتىگە يەتتى.

1994 - ۋە 1995 - يىللىق كېۋەزنىڭ ئۆسۈشى ياخشى بولدى. لېكىن، ئۇنىڭغا ئالدىن باھا بەرگىلى بولمايدۇ. خەۋەر قىلىنىشىچە، كەلگۈسىدە پاختا ئىشلەپچىقىرىش سەل - پەل ئېشىش ھالىتىنى ساقلاپ قالىدىكەن. پاكىستان پاختا ئېكسپورت قىلىش تۈزۈمىنى بىكار قىلىشى مۇمكىن ئىكەن.

1993 - ۋە 1994 - يىللىرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، پاكىستاننىڭ پاختا ۋە پاختا يىپ خام ئەشيا سودىسى تۆۋەنلەپ ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان.

مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكى سۈپەتلىك پاختا يىپقا بولغان ئېھتىياجنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، پاكىستان كەلگۈسىدە مۇۋاپىق مىقداردا پاختا ئىمپورت قىلىدۇ. دېھقانلارنىڭ كېۋەز تېرىش ئاكتىپلىقىغا ئىلھام بېرىش، كېۋەزنى كۆپ تېرىش، ئىشلەپچىقىرىش سەرپىياتىنى تۆۋەنلىتىش، كېۋەز تېرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، پاكىستان پاختا ئىشلەپچىقىرىشقا قاراتقان تۈرلۈك باجلارنى تۆۋەنلىتىپ، ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرمەكچى ياكى بۇ باجلارنى پۈتۈنلەي كەچۈرۈم قىلماقچى.

ئابدىلىم ئېزىز (ت)

# لازېر نۇرى ئارقىلىق نېفت قېزىش

ئىسرائىلىيىدىكى مۇتەخەسسىسلەر لازېر نۇرى ئارقىلىق نېفتلىك سىلانېتسىن نېفت قېزىشنىڭ يېڭى بىر خىل ئۇسۇلىنى كەشىپ قىلدى. بۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندا تەننەرخنى زور دەرىجىدە ئازايتقىلى بولىدىكەن. ئادەتتە ئىشلىتىلىۋاتقان ئۇسۇلنى قوللانغاندا كولاش ۋە تونىللارنى ئېچىش، پارتلىتىش ۋە نېفتلىك سىلانېتسنى كۆيدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، بۇ ئۇسۇللارنى قوللانغاندا تەننەرخ يۇقىرى بولىدۇ، مۇھىتمۇ بۇلغىنىدۇ. لازېر نۇرى بىلەن ئېچىش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، پەقەت نېفتلىك سىلانېتسقا ناھايىتى تېيىز بولغان بىر تۆشۈكنى تېشىپ، بۇ تۆشۈككە دىئامېتىرى ئەڭ كىچىك بولغان بىر نەيچىنى كىرگۈزۈپ، بۇ نەيچە ئارقىلىق كۈچلۈك لازېر نۇرىنى نېفتلىك سىلانېتسقا بىۋاسىتە كىرگۈزسە بولىدۇ. نەيچە ئارقىلىق

كىرگەن لازېر نۇرى ئەكس ئېتىش ئارقىلىق يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ ، نېفىتلىك سلانېتستىكى تاش قاتلىمىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن تېز سۈرئەتتە ئىنكاس پەيدا قىلىدۇ . بۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندا نېفىتنى ئاسان قازغىلى بولىدۇ .

## روسىيە ئالاھىدە ھېسابلاش ماشىنىسىنى كەشىپ قىلدى

روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى لېبېدېۋ ئالىي دەرىجىلىك ماشىنا ۋە ھېسابلاش تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىش ئورنى يېقىندا ، بىر خىل يېڭى تىپتىكى پروگراممىلارنى دەرىجىلەرگە بۆلۈپ يۇقىرى سۈرئەت بىلەن بىر تەرەپ قىلالايدىغان ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى « ئېربىرۇش ـ 3 ـ 1 » نى كەشىپ قىلدى ، بۇ ماشىنا ھەر بىر سېكۇنتتا 1 مىليارد قېتىمدىن كۆپ ھېسابلىيالايدۇ . بۇ ھېسابلاش ماشىنىسىنى باشقا دۆلەتلەردىكى ئوخشاش ھېسابلاش ماشىنىسىغا سېلىشتۇرغاندا باھاسى بىر ھەسسە تۆۋەن .

بۇ ئالاھىدە ھېسابلاش ماشىنىسىنى كەشىپ قىلغۇچى ئىشلەتكەن لايىھە ۋە قائىدىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى مۇستەقىل ئىجاد قىلغان . مەسىلەن : ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ ئىچكە ئەنئەنىۋى ئۇلاش پارچىسىنى ئىشلەتمەستىن بەلكى ئالماشتۇرۇپ تۇتاشتۇرغۇچى ئۇسكۇنىنى ئىشلەتكەن ؛ 20 قەۋەتلىك زىچ تاختاينى قوراشتۇرۇشنىڭ ئەڭ زور چەكلىمىسى سۇيىتىدە چىڭ بېكىتكەن . مانا بۇ قائىدىلەر يېڭى تىپتىكى بۇ خىل ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ شۇنداق يۇقىرى سۈرئەتتە ھېسابلىشىغا كاپالەتلىك قىلغان .

ئالاھىدە ھېسابلاش ماشىنىسى « ئېربىرۇش ـ 3 ـ 1 » دۆلەت دەرىجىلىك تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزىۋېلىشتىن ئۆتتى ، ھازىر بۇ ھېسابلاش ماشىنىسىدىن روسىيىدە پەقەت تۆتى بار . بۇ ماشىنىنىڭ ئىقتىدارى ۋە باھاسىنىڭ تۆۋەنلىكى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى نۇرغۇنلىغان خېرىدارلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىماقتا .

## روسىيە يېڭى تىپتىكى يۈك ئاپتوموبىلىنى ئىشلەپچىقاردى

روسىيىدىكى گاز ئاپتوموبىل ھەسسىدارلىق شىركىتى يېقىندا ئىككى خىل يۈك ئاپتوموبىلىنى يەنى « گاز 6640 » ۋە « گاز 3309 » نى ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىدى ، بۇ ئىككى خىل ئاپتوموبىلنىڭ ھەر بىرىگە تۆت باكلىق دىزېل ماتور ئورنىتىلغان .

بۇ كارخانا 1993 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان دىزېل ماتور ئورنىتىلغان ئاپتوموبىللارنى ئىشلەپچىقارغانىدى . ھازىر دىزېل ماتورلۇق يۈك ئاپتوموبىللىرىنىڭ تۈرى كۆپىيىشكە باشلىدى . ئاپتوموبىل ماتورنى ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتىنىڭ باشلىقى لېشېنكو : يېڭى تىپتىكى يۈك ئاپتوموبىلىنى زور تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن زاۋۇت رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئېلىپ بارماقتا ، يەنە ماتور ساندۇقىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە ئەگرى ئوقنىڭ ئاپتوماتىك لىنىيەسىنى پىششىقلاپ ئىشلەشنى قۇرماقتا دېدى .

بۇ شىركەت ھەر كۈنى مۇشۇنداق تۆت باكلىق دىزېل ماتورى بار يۈك ئاپتوموبىلىدىن 150نى قوراشتۇرۇشنى پىلانلىماقتا .

## شامالدا ئۆچمەيدىغان سەرەڭگە

روسىيەدىكى مەلۇم بىر زاۋۇت شامالدا ئۆچمەيدىغان يېڭى بىر خىل سەرەڭگىنى ئىشلەپچىقاردى. بۇ خىل سەرەڭگىنىڭ ئوت ئالىدىغان ئۇچىدا ئالاھىدە بىر خىل خىمىيىلىك ماددا بولۇپ، سەرەڭگە يانغاندىن كېيىن ئوتى كۈچلۈك بولىدىكەن ھەم ئۇنى ئاسان ئۆچۈرۈشكە بولمايدىكەن. كىشىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغىنى كۆيۈۋاتقان سەرەڭگىنى سۇغا تىقسىمۇ ئوتى ئۆچمەيدىكەن، پەقەت ئوتى ئاستا - ئاستا سۇسلىشىپ قالىدىكەن، لېكىن سۇدىن چىقارغان ھامان ئوتى يەنە كۈچىيىدىكەن.

## ئۆزبېكىستان بىر خىل يېڭى تىپتىكى سودا پۇل تاپشۇرۇۋېلىش ماشىنىسىنى ئىشلەپچىقاردى

تاشكەنت «فتو» بىرلەشمە شىركىتى بىر خىل يېڭى تىپتىكى پۇل تاپشۇرۇۋېلىش ماشىنىسىنى ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىدى. بۇ خىل ماشىنا ئىشلەپچىقىرىلىشى بىلەنلا دۆلەت ئىچىدىكى بازارلاردا بىرى قالماي سېتىلىپ بولدى. بۇ خىل يېڭى مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسى بىر قەدەر تۆۋەن، يۇقىرى پەن - تېخنىكا سەۋىيىسىگە ئىگە، زامانىۋىلاشقان قۇرۇلما بولۇپ، ئۇ بىر قەدەر ياخشى ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇپلا قالماتىن بەلكى «ئىجازەتسىز ئارىلىشىپ قىلىش» تىن ساقلىنىدىغان ئىشەنچلىك يېپىق سىستېمىسى بار، ياكى ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، بەزىبىر «چېچەن». «ماھىر» لارنىڭ، بۇ ئەسۋابنىڭ بىرەر يېرىنى بۇزۇپ قويۇشى بىلەن بىر قىسىم تىجارەت سوممىسىنى يوشۇرۇپ قويۇشى ياكى نۇرغۇنلىغان باج سوممىسىنى تاپشۇرماي قويۇشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. بۇ خىل ماشىنا مەخسۇس «ئاچقۇچ» نى بىلگەن ئادەم ئالدىلا ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ، بۇ خىل «ئاچقۇچ» نى پەقەت باج ئىشلىرىنى تەكشۈرىدىغان خادىملارلا بىلىدۇ. شۇنىڭدەكلا، بۇ ئەسۋابنىڭ ئېلېكترونلۇق مېڭە قۇرۇلمىسى توك يولى ئۈزۈلۈپ قالغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ ماگىزىننىڭ تىجارىتىنى داۋاملىق ستاتىستىكا قىلالايدۇ.

بۇ خىل ماشىنىنى ئىشلەپچىقىرىش كېڭەيتىلمەكتە، يېقىندا ئېيىغا 3 مىڭ 500 نى ئىشلەپچىقىرىش لايىھىلەندى. ھازىرچە پەقەت دۆلەت ئىچىدىكى سودىگەرلەرنىلا تەمىنلىمەكچى، لېكىن، تاشكەنتنىڭ بۇ ماشىنىسى قازاقىستان، تۈركمەنىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق قوشنا دۆلەتلەردىمۇ پەيدا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

يەنە بىر خىل دەرىجىدىن تاشقىرى بازارلاردا ئىشلىنىدىغان مىكرو تىپلىق پۇل تاپشۇرۇۋېلىش ماشىنىسىنىمۇ «فتو» زاۋۇتىدا ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى، پروگراممىسى سىغدۇرۇشچانلىقى چوڭ، ئەستە تۇتۇش ۋاقتى ئۇزۇن، ئىناۋەتلىك كارتوچكا ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ، ئېلېكترونلۇق تارازا ۋە ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ ھېسابلاش سىستېمىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ بىر گەۋدە قىلىنغان. ھازىر بۇ يېڭى مەھسۇلاتقا زاكاز قىلىش باشلاندى.

# ئېلېكترونلۇق مېڭە ئورنىتىلغان يۇقىرى بېسىملىق كىسلورود بۆلمىسى

زەھەرلىنىش، قانسىراش ۋە سۆڭەكنى سۇنۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 20 نەچچە تۈرلۈك كېسەللىكنى ۋە بۇ خىل كېسەللىك بىلەن ئاغرىغان ئادەمنى يۇقىرى بېسىملىق كىسلورود بۆلمىگە كىرگۈزۈپ داۋالىغىلى بولىدۇ. روسىيىدە بۇ خىل ئۇسۇلنى كەڭ دائىرىدە قوللانماقتا، گاز بېسىملىق مەركەزدىن 5 مىڭغا يېقىن بار. ھازىر، يېڭىك قېتىشمىدىن يۇقىرى بېسىملىق كىسلورود بۆلمىسىنى ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىدى. بۇ خىل يېڭى تىپتىكى كىسلورود بۆلمىسىنىڭ ئېغىرلىقى 324 كىلوگرام بولۇپ، ھەر قانداق قاتناش قوراللىرىغا ئورناتقىلى بولىدۇ. ھەتتا دالىدا ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ. بۇ خىل يېڭى تىپتىكى كىسلورود بۆلمىسىنىڭ بۇندىن بۇرۇنقىلارغا ئوخشىمايدىغان يېرى، بۇنىڭدا سەككىز دېرىزە بار. دوختۇرلار بۇ دېرىزىلەر ئارقىلىق كېسەلنى كۆزىتىدۇ، كېسەللەرمۇ مۇنداق پېچەتلەنگەن بوشلۇقتا ئوڭايلا ماسلىشالايدۇ. بۇ خىل يېڭى تىپتىكى كىسلورود بۆلمىسى دۇنيا بويىچە تۇنجى مەھسۇلات بولۇپ، ئۇنىڭدا كەم ئۇچرايدىغان ئېلېكترونلۇق مېڭە سىستېمىسى بار. باھاسىمۇ غەربتىكى ئوخشاش تۈردىكى مەھسۇلاتلار باھاسىنىڭ 20 دىن بىر قىسمىغا تەڭ كېلىدۇ.

# ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرى ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ يېقىنقى ئىككى يىلدىكى پاختا مەھسۇلاتىنى ئالدىن مۆلچەرلەش

يېقىندا ئامېرىكا يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى 1995 - ۋە 1996 - يىللىردىكى دۇنيا پاختا مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 90 مىليون 788 مىڭ تايغا يېتىپ (ھەر بىر تاي پاختىنىڭ ئېغىرلىقى 480 قاداق)، 1994 - ۋە 1995 - يىللىردىكى 85 مىليون 240 مىڭ تاي پاختىدىن 7% ئاشىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىدى. پاختا باھاسى ئۆرلەپ كەتكەنلىكتىن پاختا تېرىلىدىغان يەرنىڭ كۆلىمى 318 مىليارد 900 مىليون كۋادرات مېتىر دىن كېڭىيىپ 344 مىليارد 200 مىليون كۋادرات مېترغا يەتتى.

پايدىسىز ھاۋا كىلىماتى، كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقى تۈپەيلىدىن جۇڭگو، ھىندىستان ۋە پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە پاختا مەھسۇلاتى ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىغانلىقتىن، پاختىنى ئىمپورت قىلىش كۆپەيدى، بەزى ئۇقتىلىق رايونلاردا ھاشارات زىيانداشلىقى بىلەن قۇرغاقچىلىق پاختا مەھسۇلاتىغا تەسىر كۆرسەتتى. جۇڭگودا غوزا قۇرتى چوڭ بىر مەسىلە بولۇپ تۇرماقتا. پاكىستان بىلەن ھىندىستان يەنىلا كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى مۇمكىن. مانا بۇ 1995 - ۋە 1996 - يىللىردىكى دۇنيا پاختا مەھسۇلات مىقدارىنىڭ تۆۋەن بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان يوشۇرۇن كۈچ.

جۇڭگودا: 1996 - يىلى پاختا مەھسۇلات مىقدارى 19 مىليون 500 مىڭ تاي بولىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى. بۇ 1994 - ۋە 1995 - يىللىردىكى 19 مىليون 900 مىڭ تايغا قارىغاندا 2% ئاز، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 55 مىليارد كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئالدىنقى يىللىردىكىگە قارىغاندا ئاز.

ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا: پاختا مەھ-

سۇلات مىقدارى 9 مىليون 300 مىڭ تاي بولىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى ، بۇ ئالدىنقى يىلدىكىگە قارىغاندا 1% كۆپ . تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 27 مىليارد كۋادرات مېتر بولۇپ ، ئۇدا سەككىز يىل ئازايغان . تۈركمەنىستاندا 1 مىليون 850 مىڭ تاي ، ئۆزبېكىستاندا پاختا مەھسۇلات مىقدارى 5 مىليون 800 مىڭ تاي بولىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى .

هىندىستاندا : 10 مىليون 500 مىڭ تاي پاختا ئىشلەپچىقىرىلىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى ، بۇ ئالدىنقى يىللاردىكى پاختا مەھسۇلات مىقدارى بىلەن ئوخشاش ، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى پاختا باھاسى يۇقىرى بولغانلىقتىن كېۋەز تېرىلىدىغان يەر كۆلىمى ئالدىنقى يىلدىكى 76 مىليارد 100 مىليون كۋادرات مېتر يەردىن كېڭىيىپ 78 مىليارد 500 مىليون كۋادرات مېتر يەرگە يېتىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى .

پاكىستاندا : كېسەللىككە قارشى تۇرالايدىغان سورت تېرىلغانلىقتىن ۋە كېۋەز تېرىلىدىغان يەر كۆلىمى كېڭەيگەنلىكتىن ، پاختا مەھسۇلات مىقدارى ئالدىنقى يىلدىكىگە قارىغاندا 15% ئېشىشى يەنى 9 مىليون 600 مىڭ تايغا يېتىشى مۆلچەرلەندى . كېۋەز تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1994 ـ ۋە 1995 ـ يىللىرىدىكى 26 مىليارد 500 مىليون كۋادرات مېتر يەردىن 30 مىليارد مېتر يەرگە يەتتى .

تۈركىيىدە : خەلقئارادا پاختا باھاسى يۇقىرى بولۇش ۋە دۆلەت ئىچىدە ئېھتىياج ئېشىپ كېتىش سەۋەبىدىن پاختا مەھسۇلات مىقدارى ئالدىنقى يىلدىكىگە قارىغاندا 21% ئېشىشى يەنى 3 مىليون 500 مىڭ تايغا يېتىشى ، كېۋەز تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 5 مىليارد 800 مىليون كۋدرات مېتردىن 6 مىليارد 800 مىليون كۋادرات مېتر گە يېتىدىغانلىقى مۆلچەرلەندى .

## ئوي ـ قاراغاي كۆمۈر كانىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق هاياتىي كۈچى

قازاقىستان بىلەن جۇڭگو چېگرىسىدىكى ئالما ـ ئاتا ئوبلاستىنىڭ رايىمبېك رايونى (نارىنقول ) غا جايلاشقان « ئوي ـ قاراغاي » قوڭۇر كۆمۈر كانىنىڭ يەر يۈزىگە چىقىپ تۇرغان كۆمۈر قاتلاملىرى بۇرۇندىن تارتىپ' يەرلىك مالچىلارغا تونۇش . كۆمۈر قاتلىمىنىڭ يەر يۈزىگە چىقىپ قېلىشى پەقەت نارىنقول رايونى (هازىرقى رايىمبېك رايونى ) دىلا بولماي يەنە يەركەنت ، قولجات ، جالاناش ، تۈرگېن رايونلىرىدىمۇ ھەتتا قىرغىزستان ۋە جۇڭگودىمۇ بار .

بۇ كۆمۈرلۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2 مىڭ كىلومېتر ، كەڭلىكى 600 مېتر .

بۇ يەرنىڭ كۆمۈرى ئاساسەن قوڭۇر كۆمۈر بەزى جايلىرىدىكى تاش كۆمۈر بولۇپ كۈلى ئاز بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە .

ئوي ـ قاراغاي كۆمۈرلۈكى توغرىسىدىكى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش 1946 ـ 1948، ـ يىللىرى ۋولكوۋسكىي ئېكسپېدىتسىيىسى تەرىپىدىن بىرىنچى قېتىم ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ ، مەقسەت بۇ كۆمۈر قاتلىمىدىكى ئۇراننىڭ زاپىسىنى ئېنىقلاش ئىدى . چۈنكى دۇنيادىكى بارلىق كۆمۈرلۈكلەر تەبىئىي سوربېنت ( مولېكۇللۇق فىلتىر ) رولىنى ئويناپ ، مىنېرال ماددا بىلەن كۆمۈر تۇتاشقان ئورۇنلاردا ئېغىر مېتال تۇزلىرى ، ئوران تۇزلىرى سۈزۈپ قېلىنىپ ، ئۇلارنىڭ تەركىبىنى زور دەرىجىدە ئۈستۈردىۇ .

تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ئېنىقلىنىشىچە ، ئوي ـ قاراغاي كۆمۈرلۈكنىڭ ئوران مىنېرالىزاتسىيىسى ناھايىتى تۆۋەن بولۇپ ، ئۈستۈنكى 0.2 ـ 0.5 مېتر قاتلىمىدىكى ئوراننىڭ تەركىبى

0.01% تىن تۆۋەن ، تۆۋەنكى 8 ـ 20 مېتر چوڭقۇرلۇقتىكى قاتلامدا ئوران تەركىبى يوق دېيەرلىك ئىكەن .

1969 ـ ۋە 1970 يىللىرىدا جەنۇبىي قازاقىستان گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش باشقارمىسى ئويي ـ قاراغاي كۆمۈرلۈكى كۆمۈر زاپىسىنىڭ 124 مىليون توننا ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىغان . ھەمدە بۇ كۆمۈر يېقىلغۇ سۈپىتىدە سانائەت ۋە تۇرمۇشتا ئىشلىتىشكە مۇۋاپىق كېلىپلا قالماي يەنە ئۇنى خىمىيە سانائىتى خام ئەشياسى ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ . بۇ كۆمۈردىن سىنتېتىك بېنزىن ، سالياركا ، ماي ، فېنول ، نافتالىن قاتارلىق خىمىيىۋى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ . كۆمۈردىن ئىشلەپچىقىرىلغان بېنزىن ، سالياركا نېفىتتىن ئېلىنغانغا قارىغاندا ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى بۇلغىمايدۇ دەپ ، قارىغان .

بۇ خىل كۆمۈر كومۇر كېسەك ياساشقا بەكمۇمۇۋاپىق ، ئۇنىڭ كۆلى ئاز ، تەركىبىدىكى زىيانلىق ماددىلارنىڭ ( بولۇپمۇ گۈڭگۈرت ) مىقدارى تۆۋەن بولۇپ خەلقئارا ئېكولوگىيىلىك ئۆلچەملەرگە مۇۋاپىق كېلىدۇ . گېرمانىيىدە بەش كىلوگراملىق بۇ خىل كۆمۈر كېسەكنىڭ باھاسى 7 ـ 8 گېرمانىيە ماركىغا توغرا كېلىدۇ .

بۇ كۆمۈرلۈكنىڭ ئوكسىدلانغان كۆمۈرنىڭ تەركىبىدە چىرىندە كىسلاتاسىنىڭ مىقدارى يۇقىرى بولغانلىقتىن ئۇنى ئورگانىك ـ مىنېرال ئوغۇت ئورنىدا ،ئىشلىتىپ تۇپراقنى ياخشىلاشقا بولىدۇ .

1989 ـ يىلى قازاقىستان دۆلەتلىك داشۆسى ۋە ئالما ـ ئاتا خىمىيىلەشتۈرۈش ئىستانسى نارىنقول رايونىدا دېھقانچىلىق ـ بىئولوگىيىلىك سىناق ـ تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ ، بۇ خىل ئوكسىدلانغان كۆمۈرنى ئوغۇت قىلغاندا تۇپراقنىڭ ئۇنۇمدارلىقى ئاشىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان : بىر گېكتار يەرگە بۇ خىل ئوكسىدلانغان كۆمۈردىن 2.5 ـ 10 تونىنىچە ئىشلىتىلگەندە ، ئارپىنىڭ مەھسۇلاتى 400 كىلوگرام ، ياڭيۇنىڭ 4900 كىلوگرام ئاشقان . تۇپراق تەركىبىدىكى چىرىندە كىسلاتاسىنىڭ مىقدارى 0.2% ئارتقانلىقى بايقالغان . بۇ خىل كۆمۈرنى تەييار ئوغۇت سۈپىتىدە ئېتىزلارغا چېچىشقا بولىدۇ .

ئوكرائىنا ، روسىيە ، چېخ ، سلوۋاك ، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ تەجرىبىسىدىن قارىغاندا ، بۇ خىل كۆمۈرنىڭ تەركىبىدىكى ئازوت ، ناترىي مىقدارىنى كۆپەيتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۇنۇمىنى ئۆستۈرۈش ناھايىتى ئاسان بولۇپ ، ئۇنىڭدىن ئېكولوگىيىلىك جەھەتتە پاكىز بولغان ـ چىرىندە كىسلاتا تۇزلىرى ، ئاممونىي ، ناترىي ـ ئوغۇتىغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ . بۇ خىل ئوغۇتنى ئىشلەتكەندە ئادەتتىكى ئوكسىدلانغان كۆمۈرنى ئىشلىتىش مىقدارىنى 10 ھەسسە ئازايتقىلى ، ئوغۇت توشۇش خىراجىتىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەتكىلى بولىدۇ .

ھازىر قازاقىستاندا ئوغۇت كەمچىل بولماقتا ، ئويي ـ قاراغاي كۆمۈرلۈكىنىڭ ئوكسىدلانغان كۆمۈرنى بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى دەپ قاراشقا بولىدۇ .

يەرلىك خەلق بۇ كۆمۈرلۈك ھەققىدە بەزى سۆزلەرنى ئاڭلاپ بىر مەزگىل پاراكەندە بولغانتى . شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى ، ئۆز ۋاقتىدىكى ھاكىمىيەت رادىئاكسىيە خەتەرلىكىنى خەلقتىن يوشۇرغان ، شۇڭا كۆمۈرلۈك رايونىدىكى خەلقنىڭ رادىئاكسىيە خەتەرلىكىدىن ئەندىشە قىلىشى تەبىئىي . تەبىئەت قانۇنىيىتىدە ، كۆمۈر ئېغىر مېتاللارنىڭ تەبىئىي مولېكولىلىق فىلتىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن رادىئونوكلىد ( رادىئوئاكتىپ يادروغا ئىگە ئېلېمېنتلار ) ماددىلارنى سۈزۈپ ( فىلترلاپ ) ئېلىپ قالىدۇ .بۇ خىل ئېغىر مېتال كان جىسىملىرى بىلەن كۆمۈر تۇتاشقان يۇقىرى قاتلامغا يىغىلغان بولىدۇ .

كۆمۈر تەركىبىدە ئۇران مىقدارىنىڭ بىر قەدەر يۇقىرى بولۇش ئەھۋالى ئاۋستىرالىيە، گېرمانىيە ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دون ۋە موسكۋا ئەتراپىدىكى كۆمۈرلۈكلەردىمۇ بايقالغان. ئۇلاردىكى ئومۇمىي ئالفا - ئاكتىپلىق رادىئاتسىيە مىقدارى ئوي - قاراغاي كۆمۈرلۈكىدىن خېلىلا يۇقىرى، رادىئاكسىيە بىخەتەرلىكى ئۆلچىمى بويىچە، بىر سىمىنا رادىئاكتىپ ماددىلار بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىپ ئىشلەيدىغان ئىشچىلار ئۈچۈن نۇرلىنىشقا چىدامىلىق ئۆلچىمى سائىتىگە 0- 250 مىكرو رېنتگېن، رادىئاكتىپ ماددىلار بىلەن ئۇچراشمايدىغان ساھەدىكى خادىملارنىڭ ئۆلچىمى سائىتىگە 240 مىكرو رېنتگېن. ئوي - قاراغاي كۆمۈر كانلىرىدىن ئېلىنىدىغان كۆمۈرنىڭ رادىئاتسىيىلىك نۇرلاندۇرۇش مىقدارى بولسا سائىتىگە 21 مىكرو رېنتگېن بولۇپ، بەلگىلىمىدىن 10 ھەسسە تۆۋەن.

ئىلدان ئىسھاقوۋ (ت) («روسىيە ئىقتىساد ۋە تۇرمۇش» گېزىتىدىن)

## ئۇكرائىنانىڭ كۆمۈر مەھسۇلاتى يىلدىن - يىلغا تۆۋەنلىمەكتە

ئۇكرائىنانىڭ كۆمۈر مەھسۇلات مىقدارى يىلدىن - يىلغا تۆۋەنلەپ دۆلەت ئىچىدىكى كۆمۈرنىڭ تەمىناتى ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايۋاتىدۇ، بۇرۇنقى ياۋروپا بويىچە ئاساسلىق كۆمۈر ئېكسپورت قىلىدىغان دۆلەت ئەمدىلىكتە، كۆمۈر ئىمپورت قىلىدىغان دۆلەتكە ئايلىنىپ قالدى.

ئۇكرائىنانىڭ كۆمۈر زاپىسى مول، مەملىكەت بويىچە ئېنىقلانغان زاپىسى 57 مىليارد 700 مىليون توننىغا يېتىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئېنېرگىيە كۆمۈرى 12 مىليارد توننا. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە ئۇكرائىنا ئەزەلدىن كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىدىغان رايون بولۇپ، دونباس كۆمۈر رايونىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە كۆمۈر مەركىزى دېگەن نامى بار ئىدى. 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئۇكرائىنانىڭ كۆمۈر مەھسۇلات مىقدارى 200 مىليون توننىغا يەتكەن. بىراق 90 - يىللارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، كۆپ قىسىم كۆمۈر كانلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش مۇددىتى ئۆزىراپ، ئۇزاق مەزگىل تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارمىغانلىقتىن، شۇنداقلا كۆمۈر قاتلىمى چوڭقۇر بولغانلىقتىن قېزىش قىيىن بولۇپ، كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشى داۋاملىق تۆۋەنلىدى. 1990 - يىلى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە كۆمۈر مەھسۇلات مىقدارى 165 مىليون توننا ئىدى، 1993 - يىلىغا كەلگەندە 115 مىليون توننىغا تۆۋەنلىدى، 1994 - يىلىغا كەلگەندە ئاران 94 مىليون 400 مىڭ توننا بولدى، 1995 - يىلىمۇ 90 مىليون توننىدىن ئاشمىدى. ئۇكرائىنا كۆمۈر سانائىتى مىنىستىرلىكىنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، ھازىر مەملىكەتلىك كۆمۈرچىلىك سانائىتىنىڭ ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش نىسبىتى 1950 - يىللاردىكى سەۋىيىگە تەڭ بولۇپ قالغان.

كۆمۈر يەنىلا ئۇكرائىنانىڭ ئېلېكتر ۋە مېتال تاۋلاش قاتارلىق كارخانىلارنىڭ ئاساسلىق ئېنېرگىيىسىدۇر. كۆمۈر مەھسۇلاتىنىڭ يىلدىن - يىلغا تۆۋەنلىشى دۆلەت ئىچىدىكى ئېنېرگىيە كىرىزىسىنى ئېغىرلاشتۇرۇپ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىغا ئېغىر تەسىر كۆرسىتىپ قالماستىن، ئۇكرائىنانى خەلقئارا كۆمۈر بازىرىدىن چېكىنىپ چىقىپ، 1994 - يىلىدىن باشلاپ كۆپلەپ كۆمۈر ئىمپورت قىلىشقا مەجبۇرلىدى. 1990 - يىلىدىن بۇرۇن، ئۇكرائىنانىڭ كۆمۈر ئېكسپورت مىقدارى تەخمىنەن 18 - 20 مىليون توننا بولۇپ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى كۆمۈر ئېكسپورتىنىڭ

60% تىنى ئىگىلەيتتى ،مەھسۇلاتى ئاساسلىقى ئىـ
تالىيە ، گرېتسىيە ، فرانسىيە ، تۈركىيە قاتارلىق
دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىناتتى . 1993 ـ يىلى
كـۆمۈر قېزىش مىقدارى كۆپ دەرىجىدە تۆۋەنـ
لىدى ، دۆلەت ئىچىدىكى ئېھتىياجغا كاپالەتلىك
قىلىش ئۈچۈن ئۇكرائىنا كۆمۈرنىڭ ئېكسپورت
بېجىنى ئاززاق تۆۋەنلەتتى ، يېقىنقى ئىككى
يىلدا ، تاشقى ئامىلنىڭ تەسىرىدىن ئۇكرائىنا
كۆمۈر ئېكسپورت قىلىشنى ئاساسەن دېگۈدەك
توختىتىپ كۆپلەپ ئىمپورت قىلىشقا باشلىدى .
ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانـ
غاندا ، 1994 ـ يىلى ئۇكرائىنا روسىيە قاتارلىق
دۆلەتلەردىن 7 مىليون توننا كۆمۈر ئىمپورت
قىلغان .

## قازاقىستان شىمالىي رايونلىرىنىڭ كېۋەز ئىشلەپچىقىرىش سانائىتى

قـازاقىستاننىڭ تۈركىستان رايونى دۇنيا بوـ
يـىچە كېۋەز تېرىلىدىغان ئەڭ شىمالدىكى رايون
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇ جايدىكى ھاۋا رايىنىڭ
ياخشى ـ يامان بولۇشى پاختا مەھسۇلاتىغا ئېغىر
ھالـدا تەسىر كۆرسىتىدۇ . 1995 ـ يىلى ناچار
ھاۋا كـىلىماتى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن تۈركىسـ
تان رايونىدىكى پاختىكارلار ئومۇمىي تېرىلغۇ
كـۆلىمىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەك يېرىدىكى كېـ
ۋەزنـى تېرىـپ تۈگەتتى . سۇ يېتىشمەسلىك ئىنـ
تايىن ئېغىر بولغان بولسىمۇ ، بىراق پۈتۈن رايون
بويىچە 130 مىليون كۋادرات مېتىر يەردىكى كېـ
ۋەزدىن ياخشى ھوسۇل ئېلىندى .

24 مـىڭ 500 توننا ئېتىلمىغان پاختىنى
يـىغىۋېلىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش خىزمىتىنى
ئورۇنلاپ كېتىشكە تولۇق ئاساسى بار . مەسىـ
لەن ، ئەتىيازدا قۇرۇلغان « خالكابات » ئىشلەپچىـ
قىرىش بىرلەشمە گەۋدىسى 10 كۈن ۋاقىت ئىـ
چىدىلا يىغىش ، پىششىقلاش ۋەزىپىسىنى تامامـ
لـىدى . بىرىنچى قېتىم يىغىش ئەھۋالىدىن قارىـ
غاندا ، ھەر 10 مىڭ كۋادرات مېتىر يەردىن يىغىـ
ۋېلىنغان پاختا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2 مىڭ 300
كـىلوگرام بولغان . بەزى ئايرىم جايلارنىڭ 3
مـىڭدىن 3 مىڭ 500 كىلوگرامغا يەتكەن . مۇۋا-
پىق بولغان ئەمگەك تەشكىلى ، ئۆز ۋاقتىدا قىـ
لىنغان تېخنىكا تەييارلىقى ۋە يېقىلغۇ ماتېرىياللار
زاپىسى دېھقانلارنىڭ ۋەزىپىنى ئورۇندىشىغا كاپا-
لـەتلىك قىلدى . ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى ، بۇ
رايوندىكى دېھقانلار كېۋەز تېرىلغۇ ئىشلىرىنى
ئىنتايىن ياخشى ئېلىپ بارالايدۇ .ئۇلار ئۆتكەن
يىلى ئەتىيازدا كولخوزنىڭ 22% يېرى ۋە ماشىنىـ
لىرىنى بىر يەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ مـۇشـۇ «
خالكابات » كېۋەز تېرىلغۇ بىرلەشمە گەۋدىسىنى
قۇرۇپ چىققان . ھازىر « خالكابات » بىرلەشمە
گەۋدىسىنىڭ مۇئاشى مۇشۇ رايون بويىچە ئەڭ
يـۇقىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . دېھقانلارمۇ ئاشنى
ئۆز ۋاقتىدا ئالالايدۇ . ئائىلىدە يەككە تىجارەت ۋە
كارخانا تۇرمۇش مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىـ
شىمۇ دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ ئۇلارنى
نەق پۇلغا ئىگە قىلدى .

پاختا يىغىشقا بۇرۇنقى تۈركىستان پاختا
پىششىقلاش زاۋۇتى ھازىرقى « ياسىن » پاي
شـىركىتى ئاساسلىق مەسئۇل بولىدۇ . پاختىنى
پىششىقلاپ ئىشلەش ۋاقتىدا باشلاندى . ئۇنىڭدىن
بـاشقا ، 1500 توننا تەييار پاختا تالاسى سېتىۋالـ
غۇچىنىڭ تەلىپى بويىچە رەتلىك قىلىپ ئامباردا
دۆۋىـلىنىپ بولدى . سېتىۋالغۇچى پاختا تالاسىـ
دىن ھېچقانداق ئەيىب تاپالمايدۇ ، سۈپىتى
ئۇلارنىڭ تەلىپىدىكى ئۆلچەمدىن ئېشىپ چۈ-
شىدۇ . بىراق ، ئالدى بىلەن بۇ پاختا ئارقىلىق
قەرزنى تۆلەيدۇ ، ئاندىن كېيىن دۆلەتنىڭ توقۇ-

مىچىلىق سانائىتىنى تەمىنلەيدۇ، ئۇنىڭدىن ئېشىپ قالغىنىنى ئۆزلىرى ئەركىن ساتىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى پاختا ئىشلەپچىقىرىش يېرىگە تېخى كەلگىنى يوق، ھەتتا پاختا سېتىۋېلىش توختامىنىمۇ تۈزمىدى. پاختىنى كىمگە سېتىپ بېرىش كېرەك؛ باھاسىنى قانداق بېكىتىش كېرەك؛ مەيلى قانداقلا بولمىسۇن پاختا ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ ھېساباتىدا پاختا ساتقان پۇل مىقدارى بولۇشى كېرەك. قازاقىستان جۇمھۇرىيەت كابىنېتىنىڭ، بارلىق پاختىنىڭ چوقۇم «ماكتا» پاي شىركىتى ئارقىلىق سېتىلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقى، مەلۇم مەنىدىن پاختا ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىنىڭ ئىشەنچىسىنى يوقاتتى.

خۇلاسىلىغاندا، بازار قانۇنىغا ئاساسەن پاختىنى كىم تېرىسا شۇ يىغىۋېلىش، شۇ كىشىنىڭ سېتىش ھوقۇقى بولۇشى كېرەك، نېمە ئۈچۈن باشقىلارنىڭ سېتىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ؟

بۇ خىل كۆز قاراش، پاختا ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىدىكى رەھبەرلەر ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت. باشقا بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ ناھايىتى ئېنىق بىلىدۇكى، ئەگەر يەرلىك «ماكتا» پاي شىركىتى بولمىسا كېۋەزنى تېرىش ۋە يىغىۋېلىش ئىشلىرى ئىنتايىن قىيىن بولىدۇ. مەسىلەن، «ياسىن» پاي شىركىتى جايلارنىڭ تىجارەت ئورۇنلىرىغا 240 مىليون تەڭگە ئالدىنئالا پۇل بېرىپ تۇرغان. پەقەت يېقىلغۇ مېيى ئۈچۈنلا 80 مىليون تەڭگە پۇل سەپلەپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «ماكتا» پاي شىركىتى پاختا پىششىقلاش زاۋۇتلىرى ۋە پاختىكارلارغا قەرز پۇل ياردەم قىلدى. ماددىي ۋە مالىيە جەھەتتىكى قوللاش، كېۋەز تېرىش كارخانىلىرىنىڭ كېۋەزنى ۋاقتىدا تېرىشىغا ۋە دېھقانچىلىق ماشىنا سايمانلىرىنىڭ ۋاقتىدا ئۆز ئورۇنلىرىنى تېپىشىغا تۈرتكە بولدى ھەمدە زاپاس خىمىيۋى ئوغۇت سېتىۋېلىشقا ياردەم بولدى. بۇرۇن ھۆكۈمەتنىڭ قەرز پۇلى ناھايىتى كېچىكىپ چۈشۈرۈلگەچكە كېۋەز تېرىش ئىشلىرىغا تەسىر كۆرسەتتى. 1995 ـ يىلى پاختا يىغىش سۈرئىتى شۇنداق تېز بولدى. 1994 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرى پۈتۈن ئوبلاست پاختىسىنىڭ ئاران 75% ى يىغىۋېلىنغان ئىدى. پاختىكارلار پۈتۈن كۈچىنى توپلاپ، دالىدىكى «ئاق ئالتۇن» نى پاكىز يىغىۋېلىپ، يېيىپ قۇرۇتۇش مەيدانلىرىغا توشۇشقا تىرىشتى.

## ئامېرىكا، جۇڭگو ۋە ياپونىيە غەربىي ئاسىيانى كېسىپ ئۆتىدىغان

## *نېفىت تۇرۇبا يولىنى قۇرماقچى*

«نيۇ ـ يورك ۋاقىت گېزىتى» نىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، ئامېرىكا ئېكسون نېفىت شىركىتى، ياپونىيە سەنلىڭ شىركىتى ۋە جۇڭگو دۆلەتلىك نېفىت شىركىتى، غەربىي ئاسىيانىڭ كاسپىي دېڭىزىنى كېسىپ غەربىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ۋە جۇڭگو، ياپونىيىنى تۇتاشتۇرىدىغان تەبىئىي گاز تۇرۇبا يولىنى ياتقۇزۇش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلدى.

كاسپىي دېڭىزى ـ دۇنيا نېفىت سانائىتى ساھەسىدىكىلەر، نېفىت ۋە تەبىئىي گاز زاپىسى مول لېكىن تېخى ئېچىلمىغان جايلارنىڭ بىرى، دەپ قارايدىغان رايوندۇر. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، بۇ گۆھەر جايدىن روسىيە، ئۆزبېكىستان ۋە قازاقىستان قاتارلىقلار

تەلەي بەھرىمەن بولىۋاتىدۇ .

خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا ، ئەسلىدە ئامېرىكىنىڭ ئەڭ چوڭ نېفىت شىركىتى - ئېكەسىن شىركىتى بۇ جايىنىڭ تۇرۇبا يولىنى روسىيە چېگرىسى ئىچىدىكى نېفىت ۋە گاز ئاققۇزۇش تۇرۇبا يولى بىلەن تۇتاشتۇرماقچى ئىكەن . لېكىن ، روسىيە بۇ تۇرۇبا يولىدىن پايدىلىنىشتا تۇرغۇن چەكلىمىلەرنى قويغانلىقتىن تاشلاپ قويۇشقا مەجبۇر بولغان ئىدى .ھازىرقى روسىيىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ ، غەربىي ئاسىيا ۋە جۇڭگونى كېسىپ ئۆتىدىغان كاسپىي دېڭىزى - تېنچ ئوكيان تۇرۇبا يولى ، ئىنتايىن چوڭ يۈرەكلىك ۋە ئالغا ئىنتىلىش روھىغا ئىگە پەرەزدۇر . بۇ تۇرۇبا يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 7840 كىلومېتىر بولۇپ ، بۇنىڭغا 12 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى كېتىدۇ . قۇرۇلۇپ پۈتكەندىن كېيىن نېفىتى مول غەربىي ئاسىيا دۆلەتلىرىنى ، ئېنېرگىيىگە جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان جۇڭگو ، كورىيە ۋە ياپونىيەلەر بىلەن تۇتاشتۇرىدۇ . بۇنىڭ ستراتېگىيىلىك ئەھمىيىتى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز دۇر .

## تۈركمەنىستاننىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرى

تۈركمەنىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەركىزى ئاشخاباد شەھرىدە ھەشەمەتلىك زامانىۋىي رېستورانى ۋە نويۇن - تاماشا مەيدانى بولغان ئۇنىۋېرسال بىر بىنا قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا . قارا قۇمنىڭ چېتىگە جايلاشقان بۇ بوستانلىق كىچىك لاس - ۋېگاس دەپ ، ئاتىلىدۇ ، چۈنكى بۇ رېستوران مۇھىتى ۋە مۇلازىمەت شەكلى جەھەتتە ئامېرىكىنىڭ نېۋادا شىتاتىدىكى لاس - ۋېگاس قىمارخانىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بولغاچقا شۇ يەرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان .

1995 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا ، تۈركمەنىستاندىكى ساياھەتچىلىك تارماقلىرىنىڭ كىرىمى 1 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن ، بۇ ، 1994 - يىلىدىكى ساياھەتچىلىكتىن كىرگەن كىرىمنىڭ توققۇز ھەسسىسىگە تەڭ . گەرچە بۇ سانىنى ئاندوررا ۋە ئىتالىيە قاتارلىق ساياھەتچىلىك ئىشلىرى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمىسىمۇ ، لېكىن چەت ياقا جايغا جايلاشقان بۇ كىچىك شەھەر ئۆچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ھەقىقەتەنمۇ بىر غايەت زور سان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

تۈركمەنىستان ھۆكۈمىتى ئۆز دۆلىتىنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ ، ساياھەتچىلىكتىكى نۇقتىلىق رايونلارنىڭ مۇھىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن زور مىقداردا مەبلەغ سېلىپ ، ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنى گۈللەندۈرمەكچى .

تۈركمەنىستاندا ھازىر 70 نەچچە ساياھەتچىلىك شىركىتى تىزىمغا ئالدۇردى ، بۇنىڭ ئىچىدىكى 40 شىركەتنىڭ تىجارەت ئېلىپ بېرىشى تەستىقلاندى . يېڭىدىن تىجارەت باشلىغان بۇ 40 شىركەتنىڭ بەشى مەخسۇس ئۆز دۆلىتىدىكى گىراژدانلارنىڭ چەت ئەللەرگە چىقىپ ساياھەت قىلىش مۇلازىمىتىنى بېجىرىدۇ .

ھازىر ، ئاشخابادتا جەمئىي 15 مېھمانخانا سىرتقا مۇلازىمەت قىلىدۇ . بۇ مېھمانخانىلارنىڭ ئەڭ ئەرزان ياتاقلىرى پەقەت بەش ئامېرىكا دوللىرى ، ئەڭ قىممىتى 500 ئامېرىكا دوللىرىغا بارىدۇ . بۇ قىممەت پۇللۇق ياتاقلارنىڭ ئۆسكۈنىلىرى تولۇق بولۇپ ، سۇ بىلەن ئۈزۈلۈپ داۋالاش مونچىلىرى بار .

ئاشخاباد شەھرىدىكى نىيازوۋ ئايرودرومى سىبېرىيىدىن پاكىستان ، ھىندىستان ۋە تۈركىيىلەرگە بارىدىغان يولدىكى ئۆتەپ توشۇش پون-

كىتى بولغاچقا، بۇ جايدىن ئۆتىدىغان يولۇچىلارمۇ چەكلىك، تۇرۇش ۋاقتىمۇ قىسقا، ئۇنداقتا چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنى قانداق جەلپ قىلىش كېرەك؟ تۈركمەنىستان ساياھەت جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى باباپىۋنىڭ ئېيتىشىچە، تۈركمەنىستاندا چەت ئەللىكلەرنى قىزىقتۇرىدىغان نۇرغۇنلىغان نەرسىلەر باركەن، مەسىلەن: تۈركمەنىستاندىكى «دىنوزاۋىر تۇزلەگىلىكى» دۇنيادا پەقەت بىرلا بولۇپ، ئۇ يەردە تارىختىن بۇرۇنقى دىنوزاۋىرلارنىڭ تاشقا ئويۇلغان جىسىملىرى ئىنتايىن كۆپ ئىكەن. يەنە ئامۇ دەرياسىنىڭ بويىغا بېرىپ بېلىق تۇتۇپ ساياھەت قىلغىلى ياكى داڭلىق ئاخارتېكىن نەسىللىك ئېتىنى ۋە تۆگىلىرىنى ئوينىغىلى بولىدىكەن. باباپىۋنىڭ قارىشىچە، مۇشۇ تۈرلەر ئارقىلىقمۇ خەلقئارا ساياھەت بازىرىغا كىرىشكە بولىدىكەن.

يۇقىرىقىلاردىن قاراقۇمدىكى بۇ «ئاجايىپ زېمىن»دا تۈگىمەس بايلىقنىڭ بارلىقىنى، ساياھەتچىلىكنىڭ گۈللىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## زاۋۇت ئىش باشلىشى بىلەنلا نېفىتنىڭ باھاسى چۈشۈپ كەتتى

چىمكەنت نېفىت ئورگانىك بىرىكمە ماتېرىياللار پاي شىركىتى (ھازىر يەرلىك نېفىت پىششىقلاش زاۋۇت دەپ ئاتىلىدۇ) ئىش باشلاپ بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا ھەر بىر لىتىر نېفىتنىڭ باھاسى 30 ـ 33 تەڭگىدىن 21 تەڭگىگە يەنە تۆۋەنلەپ 18 تەڭگىگە چۈشۈپ قالدى، ھازىر مۇشۇ سەۋىيىنى ساقلاپ تۇرىۋاتىدۇ. بۇ شىركەتنىڭ باش ئىنژېنېرى B. پاكىنىڭ دېيىشىچە، كارخانىنىڭ مال باھاسىنى تىزگىنلەش نىيىتى يوق ئىكەن. 1994 ـ يىلىنىڭ كۈز پەسلىدىن باشلاپ زاۋۇت نېفىتنى پىششىقلاپ ئىشلەش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدىغان بولغان، يەنى زاۋۇت مەھسۇلاتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىگىسى بولماستىن بەلكى ئەڭ ئاخىرقى مەھسۇلات ئەمەلىيەتتە پۈتۈن مىقدارى بويىچە مەھسۇلات بىلەن تەمىنلىگەن ئادەمگە قايتۇرۇلىدۇ. بۇ، كارخانا رەھبەرلىرىنىڭ باھاغا تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغانلىقىنى، باھا مال ئىگىسىنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ بەلگىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

زاۋۇت بىر مەزگىل پىلان بويىچە ئىش توختاتتى. بۇ ئەھۋال بەزى كىشىلەرگە يېقىلغۇ ۋە مايلارنى بېسىۋېلىپ كېيىن كارخانىلارنى ئۆزگەرتىپ مال باھاسى ئۆرلىگەن پۇرسەتنى يارىتىپ بەردى. بۇ قېتىمقى نېفىت ئىشلەپچىقىرىدىغان سېخلارنىڭ ئىش توختىتىشى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى مۇشۇ سېخ بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئىشلىتىۋاتقىلى 10 يىل بولغان كاتالىزلاش قۇرۇلمىسى يىغىلاشنى جىددىي كۈتىۋاتماقتا، يېڭى كاتالىزلاش قۇرۇلمىسى بولسا تېخى ئەندىلا ئىش باشلىدى، لايىھىلەش سانىغا يەتكىنى يوق. ئايلىنىش نورمال ھالەتكە كەلگەندىن كېيىن، سۈپەتلىك نېفىت ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە چىمكەنتتە ئەزەلدىن ئىشلەپچىقىرىلمىغان A ـ 93 ـ نومۇرلۇق نېفىت بار.

زاۋۇتنىڭ ئايلىق پىششىقلاش ئىقتىدارى 350 مىليون توننا نېفىت بولۇپ يەنە 550 مىليون توننىغا يېتىشى مۇمكىن. لېكىن زور مىقداردىكى نېفىتنىڭ باھاسىنى چۈشۈرۈپ ساتسىمۇ بازار ئۇنى قوبۇل قىلالمايدۇ. قازاقىستاننىڭ ئۈچ نېفىتنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنىڭ ھەممىسىنى مەخسۇس تىجارەت قىلىدىغان ئورۇنلارنىڭ قاتارىغا كىرگۈزسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئاخىرقى چەك پايدا نىسبىتىنى بەلگىلەپ بەرمىدى، بۇنداق

دېگەنلىك ، ئەگەر شىركەت بىلەن شېرىكلەشـكۈچىنىڭ پۇلى بولماي نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى ئەمگەك ھەققى قىلغان ھەمدە بۇ پۈتۈن تەييار مەھسۇلاتلارنىڭ 10% نى ئىگىلەيدىغان بولسا ، ئۇنداقتا ، شىركەت مۇشۇ بىر قىسىم مەھـسۇلاتلارنى يۇقىرى باھادا سېتىپ پايدىنى ئۇنـدۇرۇۋالسا بولىدۇ . بىراق ، ئەگەر ھۆكۈمەت بۇ رۇقنى ئەمەلدىن قالدۇرىۋەتمەي ، مەخسۇس تىجارەت قىلىدىغان كارخانىلارغا ئاخىرقى چەك پايدا نىسبىتى بەلگىلەپ بېرىپ ، بەلگىلەنگەن باـھادىن ئارتۇق باھادا يېقىلغۇ ۋە مايىنى سېتىشقا رۇخـسەت قىلمىسا ، بۇ شىركەت باشقا بىر لايەھەنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، بارلىق ساتقۇچىلارغا ئۇلارنىڭ قايسى مۇلۇكچىلىك شەكلى بولۇشىغا قارىماي بىر تۇتاش باھانى بەلگىلەپ بەرسە بولىدۇ .

بىر قەدەر مۇشكۇل ئىشنىڭ بىرى ـ ئەكـەلگەن خام ئەشيانى پىششىقلاپ ئىشلەشتۇر . كارخانىلار ئەگەر پۇلنى تېخىمۇ كۆپ تاپىمىز دېسە ، ئىنچىكىلىك بىلەن پىلانلاش كېرەك . ئەكەلگەن خام ئەشيانى پىششىقلاپ ئىشلەشتىن قولـغا كەلتۈرىدىغان پايدا ئانچە كۆپ بولمايدۇ ، شـىركەت مەھسۇلاتىنىڭ ئىگىسى ئەمەس ، ئۇلارـنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرالمايدۇ . لېكىن ، زاۋۇتنىڭ تۇراقسىز مەبـلىغى كەمچىل بولغاچقا مۇستەقىل ھالدا نېفىت سېتىپ ئالالمايدۇ . كارخانىنىڭ قەرزى كۆپ ، بۇنىڭ ئىچىدە تيۇمېن نېفىتلىكىنىڭ قەرزىمۇ بار . پارچىلىنىپ كەتكەن چىمكەنت نېفىت ئورگانىك بىرىكمە ماتېرىياللار پاي شىركىتىنىڭ زاۋۇتقا قەرزى تېخىمۇ كۆپ بولۇپ جەمئىي قەرزى نەچچە يۈز مىليارد تەڭگىگە يېتىدۇ . B . پاكنىڭ قارىشىچە ، قەرز مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ھاـزىرچە مۇمكىن ئەمەس ئىكەن . كارخانىلار يەنىلا خام ئەشيا ئەكىلىپ پىششىقلاپ ئىشلەشكە مەجبۇر بولۇۋېتىپتۇ .

## قازاقـستان چەت ئەل مەبلىغىنى كىرگۈزۈپ ئېغىر سانائەت كارخانىلىرىنى ئۆزگەرتمەكچى

قازاقىستان زۇڭتۇڭى نازاربايېۋ يېـقىندا ، ئېغىر سانائەت كارخانىلىرىغا ياردەم بېـرىش ئۈچۈن قازاقىستان بەزىبىر ئېغىر سانائەت كارخانىلىرىنى چەت ئەل شىركەتلىرىنىڭ باشـقۇرۇشىغا تاپشۇرۇدىغانلىقىنى ، جۇڭگونىڭ سودا ـ سانائەت ساھەسىدىكىلەرنى بۇ خىل پۇرسەت بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى .

نازاربايېۋ ، قازاقىستان ئىقتىساد مىنىسـتىرلىكى ھۆكۈمەتكە 1996 ـ يىلدىن 2000 ـ يىلغىچە چەت ئەل مەبلىغىنى كىرگۈزۈپ ۋە ئۇـنىڭدىن پايدىلىنىپ قۇرۇلما ئىشلەپچىقىرىش ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى يەككە

تۈر پىلانىنى تاپشۇردى ، بۇ پىلاندا چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ ئۆزگەرتىلىدىغان كارخاـنىلارنىڭ تىزىملىكى بار ، دېدى . ئۇ يەنە ، قازاـقىستان ئالدى بىلەن ياپونىيە ، ئامېرىكا ، جۇڭگو ۋە تۈركىيە قاتارلىق تۆت دۆلەتنىڭ مۇشۇ كارـخانىلارغا مەبلەغ سېلىشىنى تەكلىپ قىلىدۇ ، دېدى .

## خەلقئارالىق ئېچىش گۈللەندۈرۈش بانكىسى قازاقىستاننىڭ نېفىت، تەبىئىي گاز سانائىتىنى قەرز پۇل بىلەن تەمىنلىدى

قازاقىستان خەلقئارالىق ئېچىش گۈللەندۇرۇش بانكىسى بىلەن 1994 - يىلى 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى «تېخنىكا ياردەم بېرىش لايىھىسى بويىچە نېفىت ساھەسىگە قەرز پۇل بېرىپ تۇرۇش توغرىسىدىكى كېلىشىم» گە ئىمزا قويۇشقان بولۇپ، بۇ كېلىشىم 1995 - يىلى 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە كۈچكە ئىگە ئىدى. بۇ پۇل 15 مىليون 700 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، ئاساسلىق نېفىت ساھەسىنىڭ تۆۋەندىكى بىر قانچە مۇھىم شىائىمۇلارغا ئىشلىتىلىدۇ:

— نېفىت تەبىئىي گازى سانائىتىنىڭ بىر قىسىم كارخانىلىرىنىڭ خۇسۇسىلىشىش، پاي تۈزۈمى ۋە قايتا تەشكىللەشنى يۈرگۈزۈشى؛

— نېفىت ساھەسىنىڭ مەخسۇس باج قانۇنىنى بېكىتىش؛

— نېفىت ساھەسىنىڭ ماتارىپ مەركىزىنى قۇرۇش ۋە مەزكۇر مەركەزنىڭ، نېفىت تەبىئىي گازى سانائىتى ساھەسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز ماتارىپ تۈزۈمىگە ماسلىشىش ۋە تەشكىللەش مەركىزىگە ئايلىنىشى؛

— بىر يۈرۈش ئالدى بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان شىائىمۇلار (مەسىلەن، چىمكەنت نېفىت ئورگانىك بىرىكىش ھەسسىدارلار شىركىتىنى ئۆزگەرتىش، زانارويى تەبىئىي گاز پىششىقلاش زاۋۇتىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش، غەربىي قازاقىستاندىن قۇم كۆلگىچە بولغان دۆلەت ئىچى نېفىت تۇرۇبا يولىنى ياتقۇزۇش قاتارلىقلار) ئۈچۈن تېخنىكىلىق ئىقتىسادىي ئاساس بېكىتىش ياكى تېخنىكىلىق ئىقتىسادىي ئاساسنى تېخنىكا ۋە قانۇنىي جەھەتتە ھەمدە مالىيە جەھەتتە باھالاپ بېكىتىش؛

— ئۆزېنىسكى نېفىتلىكىنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئەمگەك ئىش ھەققىنى تۆلەش.

شىائىمۇلارنىڭ ئەمەلگە ئېشىش مۇددىتى ئىككى يېرىم يىل قىلىپ بېكىتىلدى. 1999 - يىلدىن باشلاپ قەرز تۆلىنىدۇ، 2011 - يىلغىچە داۋاملىشىدۇ.

## گېرمانىيە تاشكەنتتە شىرىكلىشىپ دورا زاۋۇتى قۇرماقچى

گېرمانىيىنىڭ «ساناۋىتا» ئىسىملىك بىر زور تىپتىكى دورا ياساش شىركىتى تاشكەنت شەھرىدە ۋەكىللەر باشقارمىسىنى تەسىس قىلدى. بۇ باشقارمىنىڭ خىزمىتى - تاسادىپىي ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارغا خەلقئارا ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمىنى يەتكۈزۈش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇش. بۇ جەھەتتە تۆۋەندىكى خەلقئارالىق تەشكىلاتلار بۇ باشقارمىنىڭ ھەمكارلىشىش ئوبيېكتلىرىدۇر، مەسىلەن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى باللار فوند جەمئىيىتى، پۈتۈن دۇنيا ساقلىقنى ساقلاش تەشكىلاتلىرى، قىزىل كرېست جەمئىيىتى، ھىلال ئاي جەمئىيىتى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، مۇساپىرلار مەھكىمىسى قاتارلىقلار.

«ساناۋىتا» شىركىتى پۈتۈن دۇنيا بويىچە نۇرغۇنلىغان شىائىمۇلارنى دورا، داۋالاش

ئۇسكۇنىلىرى ۋە بىر قېتىملىق ئەسۋابلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. سۆھبەت ۋاقتىدا گېرمانىيە شىركىتى بىلەن ھەمكارلىشىدىغان مەسىلىلەر ۋە ئۆزبېكىستاننىڭ دورا ئىشلەپچىقىرىش ۋە داۋالاش خادىملىرىنى تەربىيىلەش ئىشلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يەنە ئۆز بېكىستان سەھىيە مىنىستىرلىكى بىلەن يېقىن ئارىدا بىر يۈرۈش دورىلارنى بىرلىشىپ ئىشلەپچىقىرىش كېلىشىمى ئىمزالاندى. بۇنىڭدىن قولغا كەلگەن پايدا ئۆزبېكىستاندا بىر شىرىكلەشكەن دورا زاۋۇتى قۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. ھازىر بۇ شىركەت ئۆز بېكىستاندا 30 خىل يۇقىرى ئۈنۈملۈك دورىنى رەسمىي تىزىمغا ئالدى، يېقىن ئارىدا تىزىمغا ئالدىغان دورىلارنىڭ مىقدارى يەنە زور دەرىجىدە ئېشىشى مۇمكىن.

## روسىيە بىلەن بېلورۇسىيە ئېكسپورت بېجىنى ئەمەلدىن قالدۇردى

روسىيە بىلەن بېلورۇسىيە 1995 - يىلى 9 - ئايدىن باشلاپ، ئۆز دۆلەت تاۋارلىرىنىڭ ئېكسپورتىنى رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئېكسپورت بېجىنى ئۆز ئارا ئەمەلدىن قالدۇردى.

روسىيە بىلەن بېلورۇسىيە، قۇرۇشقا ماۋالە قىلىنغان خىزمەت گۇرۇپپىسى تاموژنا بېجى ئىتتىپاقى كېلىشىمىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچلۇق پىلانىنى يۈرگۈزىدۇ، دەپ، ئېلان قىلدى. مەزكۇر خىزمەت گۇرۇپپىسىغا ئىككى دۆلەتنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىرى رەھبەرلىك قىلىدۇ. روسىيە زۇڭلىسى، روسىيە بىلەن بېلورۇسىيە ئىككى تەرەپ ئېنېرگىيە مەنبەسىنىڭ باھاسىنى قويۇۋېتىپ، دۇنيا سەۋىيىسىگە يېقىنلىشىش كېرەك، دەپ قارايمىز، دەپ كۆرسەتتى.

### روسىيە چەت ئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن زور كۆلەمدە باج ئىسلاھاتى ئېلىپ بارماقچى

روسىيىنىڭ مالىيەدا ئىرىلىرى يېقىندا، مەبلەغ سېلىش شارائىتىنى ياخشىلاپ، چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلىغىنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن زور كۆلەملىك باج ئىسلاھاتى ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇ قېتىمقى ئىسلاھاتنىڭ ئىككى چوڭ نىشانى - باج تۈرلىرىنى ئازايتىش ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك ئىدارىلارنىڭ باج يىغىش ھوقۇق دائىرىسىنى تارايتىشتىن ئىبارەت.

روسىيە 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئەمەلگە ئاشۇرغان يېڭى باج قانۇنى فېدېراتسىيە باج تۈرلىرى ئەسلىدىكى 40 نەچچە خىلدىن 20 نەچچە خىلغا ئازايتىلدى.

يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ باج يىغىش ھوقۇقىمۇ زور دائىرىدە ئازايتىلدى. ھازىر، يەرلىك باج تۈرلىرى 100 خىلدىن ئاشىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ قېتىمقى يېڭى باج قانۇنىدا باج تۈرى تىزىملىكى ھەمدە باج نىسبىتىنىڭ يۇقىرى چەك بەلگىلىمىلىرى بولىدۇ.

يېڭى باج قانۇنىدا، ئارتۇق يىغىۋېلىنغان باجنى قايتۇرىدىغان ۋاقىتتا، مەركەز بانكىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە باج تاپشۇرغان ئادەمنىڭ ئۆسۈمىنى قايتۇرۇشى، قانۇن ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغدىشى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن.

# جۇڭگو بىلەن روسىيە ئىككى تەرەپنىڭ سودا سوممىسى توغرىسىدا كېلىشەشتى

جۇڭگو يۇقىرى دەرىجىلىك سودا ۋەكىللەر ئۆمىكى روسىيىنى زىيارەت قىلدى. بۇ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى: مەيلى قانداقلا بولمىسۇن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى سودا سوممىسىنى كۆپەيتىشكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلەلەرنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت.

ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، جۇڭگو تاشقى سودا ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى سۇن جېنيۇ: "بىز پۈتۈن زېھنىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ لى پېڭ زۇڭلىنىڭ موسكۋانى زىيارەت قىلىش جەريانىدا تۈزگەن كېلىشىملەرنى ئىجرا قىلىمىز" دېدى. جۇڭگو يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەكىلىنىڭ بۇ سۆزى كىشىگە ھازىر بېيجىڭ روسىيىنىڭ سېمونت، خىمىيۋىي ئوغۇت، ياغاچ ماتېرىياللىرى، ياغاچسىمان تالا ۋە خىمىيە سانائەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن زور مىقداردا تەمىنلەشكە مۇناسىۋەتلىك ئىشەنچلىك كېلىشىمگە جىددىي ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە جۇڭگونىڭ روسىيىگە تاۋار ئېكسپورت قىلىش كېلىشىمىنى كېڭەيتىشى كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

سۇن جېنيۇ يەنە: "ئەگەر 1994 ـ يىلى روسىيە بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى سودا سوممىسى 5 مىليارد 300 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولغان بولۇپ، ئۇچتىن بىر قىسمىدىن كۆپرەكى تۆۋەنلەپ كەتكەن دېسەك، 1995 ـ يىلغا كەلگەندە ئەھۋال ياخشىلاندى" دېدى.

روسىيە ھازىر جۇڭگونىڭ ياۋروپادىكى گېرمانىيىدىن قالسىلا ئىككىنچى چوڭ سودا شېرىكى بولۇپ، ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىنمۇ ئېشىپ كەتتى. جۇڭگو تاشقى سودا ۋە ئىقتىسادىي ئالاقە مىنىستىرلىكىنىڭ رەئىسى، 1995 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا جۇڭگو بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئومۇمىي سوممىسى 2 مىليارد 324 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 1994 ـ يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىگە قارىغاندا 3% ئاشتى، دېدى.

بۇ نەتىجە ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئاستىدا، مال ئالماشتۇرۇش سودىسىدىن باشقا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

روسىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق سودا ئىشلىرى مەسلىھەتچىسى ۋلادىمىر. سېرتاي 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا روسىيە بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى سودا سوممىسىنىڭ 6 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە روسىيە ئېكسپورت سودىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىدىغانلىقىغا دىققەت قىلدى.

جۇڭگو بىلەن روسىيىنىڭ چېگرا سودىسى يېقىنقى ئىككى يىللىق چېكىنىشنى باشتىن كۆچۈرگەندىن كېيىن قايتا ياخشىلىنىشقا باشلىدى.

1995 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا پەقەت خېيخې شەھىرىلا روسىيە بىلەن 324 مىليون ئامېرىكا دوللىرىلىق كېلىشىمنى تۈزدى، بۇ 1994 ـ يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكى كېلىشىم سوممىسىغا قارىغاندا 40% كۆپ. ھازىر خېيخې ئېغىزى خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ چېگرا سودا مەركىزى بولۇپ، بۇ يەردە روسىيە بىلەن بولغان سودا سوممىسى 65 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى.

## مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ يېقىنقى ئىككى يىلدا تاللىغان كېۋەز تەتقىقات تېمىلىرى

1 . غوزا قۇرتىنىڭ ھەر تۈرلۈك سورتلاردىكى خۇسۇسىيىتى .

2 . ھاشارات ئۆلتۈرگۈچى دورىلارنىڭ كېۋەز قوغداش سىستېمىسىدا ئىشلىتىلىش ئاساسلىرى .

3 . يوپۇرماق تاشلاش دورىسىنىڭ كېۋەز تېرىش جەريانىدا قان شۈمۈرگۈچى زىيانداش ھاشاراتلار ۋە يوشۇرۇن قاناتلىق قۇرتلارنىڭ مىقدارىغا بولغان تەسىرى .

4 . غوزا قۇرتى ، دېھقانچىلىق تېخنىكىسى ۋە ئالدىن مەلۇم قىلىش .

5 . كىچىك غوزەك ھەرە ئائىلىسىنىڭ ھەر خىل سۇغىرىش تۈزۈمى ئەھۋالى ئاستىدا غوزا قۇرتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش .

6 . ئەزمەر بەيجاننىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىش سانائىتىدە ماسلىشىدىغان زىرائەتلەرنى ئېچىشنىڭ يوشۇرۇن كۈچى .

7 . ئەزمەر بەيجاننىڭ چىملىق بوز چىلان تۇپرىقىدا كېۋەز تېرىشتا ئازوت ئوغۇتى تېپى ۋە نىتراتلاشتۇرۇش رولىنىڭ ئۈنۈمى .

8 . تەركىبىدە قوتان قىغى تولۇقلىغۇچى مادda ئورېيا بولغان ئورگانىك مىنېرال ئوغۇتنىڭ ، كېۋەز تېرىدىغان تىپىك بوز چىلان تۇپراق مىكرو ئورگانىزىملىق جەريان ۋە ئوغۇت كۈچىگە بولغان تەسىرى .

9 . كېۋەزنىڭ ھەر بىر قاتلام يوپۇرماقلىرىدىكى كاربوكسىلازانىڭ فوتوسىنتېز رولى ۋە ئاكتىپلىقى .

10 . كېۋەز غوزا بولۇشقا باشلىغاندىكى تەمىنلىگۈچى ۋە قوبۇل قىلغۇچى تەنچە سىستېمىسىدا ئازوتنىڭ ئاكتىپ يۆتكىلىش شەكلى .

11 . كېۋەزنىڭ ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىدىغان يوپۇرمىقىنىڭ سپېكتىر ئالاھىدىلىكى ۋە فوتو خىمىيە ئاكتىپلىقى .

12 . كېۋەزدە پۈتۈن گەۋدىسى زىيانغا ئۇچراشنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ سەۋەبى .

## موسكۋانىڭ ئىستېمال بازىرى

1995 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا موسكۋانىڭ پارچە سېتىلغان تاۋار سودا ئومۇمىي سوممىسى ( بۇ جامائەت ئىچىملىك مۇلازىمىتىدە ھەر خىل سېتىش يوللىرى ئارقىلىق سېتىلغان تاۋارلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) 4 تىرىللىئون 650 مىليارد رۇبلىغا يەتكەن بولۇپ ، 1994 - يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىگە قارىغاندا ئۈچ ھەسسە كۆپەيگەن .

بۇ سودا سوممىسىنىڭ ئېشىشى 1994 - يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا ئاشقان 3.4 ھەسسە باھانىڭ ئېشىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئەمەلىيەتتە 1994 - يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىگە قارىغاندا تاۋارنىڭ سېتىلىش مىقدارى 12% تۆۋەنلەپ كەتكەن . بۇ ئاساسلىق ، ئاھالىلەر كىرىمىنىڭ ئېشىشى ئىستېمال تاۋارلىرىنىڭ باھاسىنىڭ ئۆسۈشى ئەمگەك مۇلازىمەت خىراجىتىنىڭ ئېشىشىدىن تۆۋەن بولۇشى تۈپەيلىدىن ، سېتىۋېلىش ئىقتىدارى بولغان ئىستېمالچىلارنىڭ سېتىۋېلىش تەلىپىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىدىن كېلىپ چىققان .

پارچە سېتىلىدىغان تاۋارلارنى سېتىش مىقدارىدا ھۆكۈمەت تەرەپ بەلگىلەپ بەرگەن

سودا ۋە غەيرىي سودا تەشكىلاتلىرى ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىستېمالچىلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇشتا تەشكىللىنىز بازارلارنىڭ رولى كۆپەيمەكتە. ھازىر بۇنداق بازارلارنىڭ تاۋار سېتىش ئومۇمىي مىقدارىدىكى ئىگىلىگەن ھەسسىسى 1993 - يىلىدىكى 20% تىن ئېشىپ 26% كە يەتتى.

بارلىق پارچە سېتىلىدىغان تاۋارلارنى سېتىشنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىدە يېمەكلىك تاۋارلىرىنىڭ سېتىلىش مىقدارى يۇقىرى بولماقتا. ئەگەر 1994 - يىلى يېمەكلىك تاۋارلىرىنىڭ سېتىلىش مىقدارى 35%، غەيرىي يېمەكلىك تاۋارلارنىڭ 53% دېسەك، 1995 - يىلىغا كەلگەندە يېمەكلىك تاۋارلىرىنىڭ 43%، باشقا تاۋارلارنىڭ 57% بولغان. پارچە سېتىلىدىغان تاۋارلارنى سېتىشتا يېمەكلىك تاۋارلىرىنىڭ سېتىلىش مىقدارىنىڭ باشقا تاۋارلارنىڭكىگە قارىغاندا كۆپىيىشى ئاھالىلەر تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يەنە بىر قەدەم تۆۋەنلىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

سودا تەشكىلاتلىرى يېمەكلىكلەرنىڭ سېتىلىشىنى 10% - 20% تۆۋەنلىتىۋەتتى. بېلىق، گۆش، ۋە تۇخۇمنىڭ سېتىلىش مىقدارىمۇ زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى.

پارچە سېتىش سودىسىدا تاۋار زاپىسىنىڭ ئەھۋالى 1995 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى 23 مىليارد رۇبلى بولۇپ، 35 كۈنلۈك سودىنى تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلدى، لېكىن 1994 - يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىگە قارىغاندا تاۋار زاپىسى 3%، ئالدىنقى ئايدىكىگە قارىغاندا 4% تۆۋەنلەپ كەتكەن. 1995 - يىلى ماگىزىنلار تەمىنلەيدىغان تاۋار زاپىسى كۆپەيگەن بولۇپ، تاۋار زاپىسى 1 - ئايدىكى 33 كۈن تەمىنلەشتىن كۆپىيىپ 6 - ئايغا بارغاندا 35 كۈن تەمىنلەشكە يەتتى، تاۋار تۈرلىرىمۇ كۆپەيدى.

## جۇڭگو بىلەن مۇڭغۇلىيە ئەركىن سودا رايونىنى قۇرماقچى

جۇڭگو بىلەن مۇڭغۇلىيە ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ چوڭ سودا ئېغىزى بولغان ئېرىنخوت ۋە جامىنئۇت شەھەرلىرىنى ئاساس قىلىپ ئەركىن سودا رايونىنى قۇرماقچى بولدى. بۇ ئەركىن سودا رايونىنى قۇرۇش تەييارلىق خىزمىتى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. بىرىنچى باسقۇچتا، ئىككى تەرەپنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى تىجارەتنى قانات يايدۇرۇش ۋە ساياھەتچىلىك ئىشلىرىدا ئۇچرايدىغان باج يىغىشتەك قىيىن مەسىلىلەرنى ئازايتىش؛ ئىككىنچى باسقۇچتا قانۇنىي ۋە ماددىي جەھەتتىن ئەركىن سودا رايونى قۇرۇشقا شارائىت ھازىرلاش، ئۈچىنچى باسقۇچتا ئۈچىنچى دۆلەت مەبلەغ سالغۇچىلىرى ۋە سودىگەرلىرى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش ۋە ئاساسىي ئەسلىھەلەرنى قۇرۇپ بېرىش. ھازىر بۇ ئىككى تەرەپنىڭ خىزمىتى ئاساسەن ئىككىنچى باسقۇچتا تۇرماقتا.

جۇڭگو بىلەن مۇڭغۇلىيە بىرلا ۋاقىتتا ئەركىن سودا رايونىنىڭ پائالىيىتىنى يەنى: ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ چېگرىسىدىكى ئەڭ قولايلىق يەردە پارچە ۋە توپ سېتىش نۇقتىلىرىنى، پۇل ۋە تاشقى پېرېۋوت ئالماشتۇرۇش ئورنىنى ۋە بانكىلارنى قۇرۇشنى بېكىتتى. سودا ئېغىزىدىن ئۆتىدىغان ئاپتوبۇسلارنىڭ سانىنى كۆپەيتمەكچى. ئەركىن سودا رايونى دۆلەتلەر ئارا سودا، ساياھەت ۋە مەدەنىيەت مۇلازىمەت مەركىزى قۇرۇشتا ئۈچىنچى دۆلەتنىمۇ قاتناشتۇرماقچى بولدى.

## روسىيىنىڭ ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئەھۋالى

روسىيىدە 1995 ـ يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپلا تاشقى سودا سوممىسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 15% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 17% ئېشىپ 27 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىلىق رېكورتنى بۇزدى؛ ئىمپورت سوممىسى 13% ئېشىپ، تەخمىنەن 20 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى بولدى.

يېقىنقى بەش يىلدىن بۇيان شەكىللەنگەن تاشقى سودا خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى ئۆزگەرمىدى. بۇ ۋەزىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىمپورت ـ ئېكسپورت سوممىسىنى ئۆزگەرتتى. 1990 ـ يىلىدىن ئىلگىرى ئىقتىسادتا ياردەم بېرىش جەمئىيىتىگە ئەزا دۆلەتلەرگە قىلغان ئېكسپورت مىقدارى روسىيە ئومۇمىي ئېكسپورت مىقدارىنىڭ 43% نى، سانائىتى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرگە بولغان ئېكسپورت مىقدارى 35% نى ئىگىلىگەنىدى، ھازىر بۇ ئېكسپورت مىقدارى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 13% ۋە 67% نى ئىگىلەيدۇ. 1990 ـ يىلىدىن ئىلگىرى ئىقتىسادتا ياردەم بېرىش جەمئىيىتىگە ئەزا دۆلەتلەردىن قىلغان ئىمپورت سوممىسى ئومۇمىي ئىمپورت سوممىسىنىڭ 44% نى، سانائىتى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردىن كىرگۈزگەن ئىمپورت سوممىسى 40% نى ئىگىلىگەنىدى. ھازىر بۇ ئىككىسى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 90% نى ۋە 69% نى ئىگىلەيدۇ.

ھازىر روسىيىنىڭ گېرمانىيە، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، ئىتالىيە، شۋېيتسارىيە، گوللاندىيە ۋە فىنلاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودا سوممىسى داۋاملىق ئاشماقتا. فرانسىيە ۋە ياپونىيە بىلەن بولغان تاۋار ئوبوروت سوممىسى تۆۋەنلىمەكتە، بۇنىڭ سەۋەبى تېخى ئېنىقلانمىدى.

### قىرغىزىستان بىلەن قازاقىستان بىرلىشىپ ئەركىن سودا رايونى قۇرماقچى

قىرغىزىستان بىلەن قازاقىستان ھۆكۈمىتى ئەركىن سودا رايونى قۇرۇش كېلىشىمنى تۈزدى. بۇ ئىككى تەرەپ دۇنيا سودا تەرەققىياتىدىكى تۇسالغۇلارنى يوقىتىپ، ئورتاق تەرەققىي قىلىدىغانلىقىنى بىلدۇردى.

ئەلۋەتتە، دۆلەت ئىچىدىكى بازارلاردا بەزى تاۋارلارنىڭ ئېغىر ھالدا كەمچىل بولۇش ئەھۋالى ئاستىدا، كېلىشىم تۈزگۈچى ھەر قايسى تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ سان چەكلىمىسىنى يولغا قويسا بولىدۇ.

كېلىشىمنىڭ ۋاقتى بەش يىل، ئەگەر مەلۇم بىر تەرەپ بۇ كېلىشىمنى ئاماللىيالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرسە، كېلىشىم ۋاقتىنى ئۈزارتىشقا بولىدۇ.

## جۇڭگو بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىدىكى سودىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر

ئىلگىرى روسىيە ئىقتىسادىي كۈچى زور بولغان كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ بىرى ئىدى. جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، روسىيە جۇڭگو بىلەن چېگرىداش بولۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر ـ بىرىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشتەك پايدىلىق شارائىتى بار، بۇ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي سودا ھەمكارلىقىنى مۇستەھكەملەش ۋە كۈچەيتىشكە پايدىلىق. ئىلگىرى بولۇپمۇ 1994 ـ يىلى جۇڭگو بىلەن روسىيە ئوتتۇرىسىدىكى سودا راۋاج تاپمىغان بولۇپ بۇنى شۇۋاقىتتىكى مۇرەككەپ ۋەزىيەت كەلتۈرۈپ چىقارغان. جۇڭگو سانائەت سودا ساھەسىنىڭ ۋەكىللىرى روسىيە بازارلىرىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋاللىرىنى ئېنىق چۈشەنمىگەن ۋە مۇۋاپىق

چارە - تەدبىرلەرنىمۇ قوللانمىغان ، جۇڭگولۇق سودىگەرلەر سودىدىكى ئەڭ مۇھىم ئۇقتىنى نەزەردە تۇتماي ، روسىيە بازارلىرىنى زور مىقداردىكى ئاھالىلەرگە كېرەكلىك تاۋارلار بىلەن لىق تولدۇرۇشقا ئۇرۇنغان ، نەتىجىدە روسىيىلىكلەردە جۇڭگو تاۋارلىرىغا نىسبەتەن تەبىئىي نارازىلىق پەيدا بولغان ، شۇڭا ھازىر روسىيىلىكلەر جۇڭگودىن باشقا دۆلەتلەرنىڭ تاۋارلىرىنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ قالدى . جۇڭگودىكى بەزى ماتېرىياللارغا قارىغاندا ، جۇڭگودا ھەر يىلى سۈپىتى ناچار مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان زىيان 380 مىليارد يۈەنگە يېتىدىكەن ، بۇنداق تاۋارلارنىڭ سېتىلىش يولىمۇ بولمايدىكەن ، سۈپەت مەسىلىسى بۇندىن كېيىنكى ئەڭ مۇھىم بىر مەسىلە بولۇپ قالدى . ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ پىكرىگە قارىغاندا ، ئۇقتىدلىق مەسىلە جۇڭگو تاۋارلىرىنىڭ دۇنيا بازىرىدىكى رىقابەت كۈچىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت .

ھازىر جۇڭگو روسىيىنىڭ گېرمانىيىدىن قالسىلا ئىككىنچى چوڭ سودا ھەمرىيى بولۇپ قالدى ، 1995 - يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا روسىيە بىلەن جۇڭگونىڭ سودا سوممىسى 270 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولدى .

## روسىيە مالىيە باج سىياسىتىنى تەڭشىدى

روسىيە زۇڭتۇڭى يېلتسىن 1995 - يىلى 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى بۇيرۇق ئىمزالاپ 1995 - يىلى - 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ نېفىت مەھسۇلاتلىرى ، ياغاچ ماتېرىياللىرى ۋە ئۇنىڭدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن بۇيۇملارنىڭ ئېكسپورت بېجىنى بىكار قىلىدىغانلىقىنى قارار قىلدى .

زۇڭتۇڭنىڭ ئىقتىسادىي ياردەمچىسى مۇنداق دېدى : زۇڭتۇڭنىڭ بۇيرۇقى بويىچە روسىيە خام نېفىت ۋە تەبىئىي گازدىن باشقا مۇتلەق كۆپ قىسىم مەھسۇلاتلارنىڭ ئېكسپورت بېجىنى بىكار قىلىدۇ . ئايرىم بىر نەچچە خىل سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ ئېكسپورت باج نىسبىتى يېرىم تۆۋەنلەيدۇ . ئۇ مۇنداق دېدى : بۇ تەدبىرنى يولغا قويۇشتىكى مەقسەت ئېكسپورت كارخانىلىرىنى قوللاش . روسىيە 1996 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا داۋاملىق ئامېرىكا دوللىرى بىلەن رۇبلىنىڭ ئالماشتۇرۇش نىسبىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكى بىلەن تۆۋەن چېكىنى بەلگىلەيدۇ . يۇقىرى چېكى بىر ئامېرىكا دوللىرىغا 4550 رۇبلى ، تۆۋەن چېكى 5150 رۇبلى بولىدۇ .

## روسىيە بىر خىل ئىمپورت ئېتىبار تەدبىرىنى بىكار قىلدى

روسىيە زۇڭتۇڭى يېلتسىن 1995 - يىلى 11 - ئايدا تەنتەربىيە ۋە پاراۋانلىق ئۇيۇشمىلىرىنىڭ تاماكا ۋە ھاراق تۈرلىرىنى باجسىز ئىمپورت قىلىش توغرىسىدىكى ئېتىبار تەدبىرىنى بىكار قىلدى .

روسىيىنىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن زۇڭلىسى چۇبايىس مۇنداق دېدى : بۇ ئېتىبار تەدبىرى بىر قىسىم ئۇيۇشمىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا پايدىلىق ، بىراق بۇ تەدبىرنى بىكار قىلىش روسىيىنىڭ دۆلەت خەزىنە كىرىمىنى نەچچە مىليارد ئامېرىكا دوللىرى ئاشۇرىدۇ .

يېلتسىن 1995 - يىلى 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ، كۆپ قىسىم ئىمپورتنىڭ ھەقسىز تاموژنا بېجى تەدبىرىنى بىكار قىلغانلىقىنى ، ئەڭ مۇھىم بولغان ئىمپورت مەھسۇلاتلىرى ، ھاراق تۈرلىرى ۋە تاماكىلارنىڭ ھەقسىز تاموژنا بېجى تەدبىرى

1995 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ۋە 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە ئۇزارتىلىدىغانلىقىنى قارار قىلدى . چۇبايىس مۇنداق دېدى : 1995 - يىلى 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئېلان قىلغان يېڭى بۇيرۇقتا يېلتسىن بۇ تەدبىرنى قايتا ئۇزارتمايدىغانلىقىنى قارار قىلدى ، دېدى .

## ئۆزبېكىستان پاكىستاننىڭ مەبلەغ سالغۇچىلىرىنى جەلپ قىلىپ پاختا توقۇمىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ

ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى تاشكەنت شەھىرىنىڭ باشلىقى رۇستەم يېقىندا پاكىستاننى زىيارەت قىلغاندا ، ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى پاكىستاندىكى سانائەتچىلەرنىڭ ئۆز بېكىستاننىڭ توقۇمىچىلىق تارماقلىرىغا مەبلەغ سېلىپ ، ئۇنىڭ پاختىلىرىنى قوشۇمچە قىممەتكە ئىگە تەييار مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى .

رۇستەم مۇنداق دېدى : ئۆزبېكىستان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پاختا ئىشلەپچىقىرىدىغان ئەڭ چوڭ دۆلەت ، بىراق پاختىنى خام ئەشيا قىلىدىغان 10لا زاۋۇت بار ، شۇڭا پاختىنىڭ كۆپ قىسمى ئېكسپورت قىلىنىدۇ .

ئۇ ، مۇنداق دېدى : پاكىستان پاختا بۇيۇملىرىنىڭ دۇنيادا داڭقى بار ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزبېكىستان پاكىستانلىق مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ ئۆز بېكىستاندىكى مەبلەغ سالغۇچىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ بىلىم ۋە تېخنىكىلىرىنى ئۆزبېكىستاننىڭ پاختا توقۇمىچىلىق تارماقلىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىدۇ . ئۇ يەنە لاھور سودا - سانائەت جەمئىيىتىدىكى خادىملارغا ، ئامېرىكا ، ياۋروپا ۋە تۈركىيە شىركەتلىرى ئۆزبېكىستانغا ناھايىتى تېز كېلىپ بازارلارنى ئېچىۋاتىدۇ ، دېدى .

پاكىستاننىڭ لاھور سودا - سانائەت جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى زىيارەتكە كەلگەن ئۆزبېكىستانلىق مېھمانلارغا ، لاھور سودا - سانائەت جەمئىيىتى ، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئۆزبېكىستانغا مەبلەغ سالغۇچىلارنى ئەۋەتىپ بازار تەتقىقاتى ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ، قارشى تەرەپنىڭ دۆلىتىدە بىر تەرەپنىڭ كۆرگەزمىسىنى ئۇيۇشتۇرۇپ ئىككى تەرەپتىكى سودا - سانائەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش زۆرۈرلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى .

## ئامېرىكا روسىيىنىڭ نېفتىنى ئېچىش ئۈچۈن مەبلەغ سالماقچى

ئامېرىكا ئاركو شىركىتى يېقىندا ، 250 مىليون ئامېرىكا دوللىرى چىقىرىپ روسىيىنىڭ لۇك نېفت شىركىتىنى سېتىۋېلىپ ، روسىيىنىڭ نېفت سانائىتىدە بىر ئورۇن ئىگىلەيدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى .

ئاركو — ئامېرىكىنىڭ يەتتىنچى چوڭ نېفت شىركىتى ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئامېرىكىنىڭ نېفت بايلىقى تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكتىن ، سىرتقا قارىتا تەرەققىي قىلىشنى ئىزدىنىپ كەلدى . لۇك بولسا روسىيىنىڭ ئەڭ چوڭ نېفت شىركىتى . دۆلەت تەرەپتىن كونترول قىلىنىۋاتقاچقا ، نېفتىنىڭ كۈندىلىك مەھسۇلات مىقدارى تەخمىنەن 830 مىڭ توننىغا يېتىدۇ . بۇ سودا تاماملانغاندىن كېيىن ، ئاركو شىركىتى لۇك شىركىتىنىڭ 8% پايىغا ئىگە بولىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ئاركو شىركىتىنىڭ مەسئۇلى جۇڭگو بىلەنمۇ

ھەمكارلىششقا قىزىقىدىغانلىقىنى بىلدۈردى .

ئامېرىكا نېفىت ساھەسىدىكى ئەرباپلار ۋە نيۇ - يورك ئۇ ئولل - ستريتتىكى ئوبزورچىلارنىڭ قارىشىچە ، ئاركو شىركىتىنىڭ بۇ ھەركىتى ، بۇنىڭدىن كېيىن ئامېرىكا - روسىيە بۇ ئىككى دۆلەت كارخانا ساھەسىدىكىلەرنىڭ بىرلىشىپ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ماي ئايرىش قاتارلىق چوڭ دائىرە ئىچىدە ھەمكارلىشىش مۇناسىۋىتىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن يول ئېچىپ بېرىدىكەن .

## بىشكېكتە مال باھاسى ئۈچقاندەك ئۆرلەپ كەتتى

بۇنىڭدىن نەچچە يىل ئىلگىرى ، بىشكېكتە پەقەت 10 ئامېرىكا دوللىرى بولسىلا بىر ئادەمنى باققىلى بولاتتى ، ھازىر 50 ئامېرىكا دوللىرى بولسىمۇ بىر ئادەمگە يەتمەيدىغان بولۇپ قالدى . شارائىتى ياخشى چوڭ مېھمانخانىلارنىڭ ياتاق باھاسى كۈنىگە 100 ئامېرىكا دوللىرىغا چىقتى ، ئەگەر دېھلىدا بولسا مۇشۇ پۇل بىلەن بىر ھەپتە ياشىغىلى بولىدۇ . شۇڭا بىشكېككە بېرىشمۇ ئوڭايغا چۈشمەيدىغان بولۇپ قالدى . ھازىر بانكىلار ياخشى تەرتىپكە سېلىنمىغانلىقتىن بىشكېككە كەلگەن پۇلدارلار نەق پۇلنى يېنىدا ساقلاپ كېلىدۇ . روشەنكى چەت ئەللىك كارخانىچىلارنىڭ چامادانلىرى ئوغرىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ .

كىشىلەر پەقەت مۇشۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلغاندا ، قىرغىزستاندا تىجارەت قىلىدىغان سودىگەرلەرنى كۆپەيتكىلى بولىدۇ ، دەپ قارايدۇ . ھازىر قىرغىزستاندا تىجارەت باشلىغانلار پەقەت تەۋەككۈلچىلىك قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان كارخانىچىلاردىنلا ئىبارەت .

## روسىيە 1996 - يىلى نېفىت ، تەبىئىي گاز ، غەيرىي تۆمۈر مېتال ئېكسپورت بېجىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى مۇمكىن

چەت ئەل خەۋەرلىرىگە ئاساسلانغاندا ، روسىيىنىڭ ئالىي تاموژنا خادىمىنىڭ ئېيتىشىچە ، روسىيە 1996 - يىلى نېفىت ، تەبىئىي گاز ۋە غەيرىي تۆمۈر مېتالنىڭ ئېكسپورت بېجىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى مۇمكىن ئىكەن . لېكىن ، 1996 - يىلنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن بۇرۇن بولمايدىكەن .

### دۇنيانىڭ سىركە كىسلاتا باھاسى ئۆرلىشى مۇمكىن

مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردا ئاشكارىلىنىشىچە 1995 - يىلنىڭ 4 - پەسلى ۋە 1996 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا ، دۇنيا بويىچە سىركە كىسلاتا بازارلىرىدا تەمىنلەش جىددىي بولۇپ ، باھا ئۆرلەپ كېتىدىكەن . بۇنىڭ سەۋەبى ، 1995 - يىلنىڭ ئوتتۇرلىرى ، خەلقئارالىق بازاردا سىركە كىسلاتاسىنىڭ باھاسى بىر قەدەر چوڭ دەرىجىدە چۈشۈپ كېتىپ ، بەزى زاۋۇتلارنىڭ مەھسۇلات مىقدارىنى تۆۋەنلىتىپ ، سىركە كىسلاتاسى بىلەن تەمىنلەش مىقدارىنى ئازايتىۋەتكەن .

## 1996 - يىلى دۆلىتىمىز ئېكسپورت قىلىنىدىغان ماللارنىڭ باج قايتۇرۇش نىسبىتىنى تۆۋەنلەتتى

يېقىندا ، گوۋۇيۈەن ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ ، 1996 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ، تاموژنىدىن ئۆتۈدىغان ئېكسپورت ماللىرىنى تۆۋەندىكى باج نىسبىتى بويىچە ھېسابلاپ باج قايتۇرۇشنى بەلگىلىدى :

1) كۆمۈر ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېكسپورت باج قايتۇرۇش نىسبىتى يەنىلا 3% بولىدۇ ؛

2) يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى خام ئەشيا قىلىپ پىششىقلاپ ئىشلىگەن سانائەت بۇيۇملىرى ۋە 13% باج نىسبىتى بويىچە ئاشقان قىممەت بېجىنى يىغىۋالغان باشقا ماللارنىڭ ئېكسپورت باج قايتۇرۇش نىسبىتى ئەسلىدىكى 10% تىن 6% كە چۈشۈرۈلىدۇ ؛

3) 17% باج نىسبىتى بويىچە ئاشقان قىممەت بېجى يىغىۋېلىنغان باشقا ماللارنىڭ قايتۇرۇلىدىغان باج نىسبىتى ئەسلىدىكى 14% تىن 9% كە تۆۋەنلىتىلىدۇ . بۇ ئۇقتۇرۇشتا يەنە 1995 - يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن بۇرۇن ئېكسپورت قىلىنغان ماللارنىڭ بېجى قايتۇرۇلمىغان بولسا ، بەلگىلەنگەن باج نىسبىتى بويىچە ھېسابلاپ باج قايتۇرۇش ھەمدە 1996 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن كېيىن باج ئورۇنلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈپ ، ئېكسپورت ۋاقتىنىڭ ئالدى - كېيىن بولۇشىغا قاراپ باج قايتۇرسا بولىدۇ ، دەپ كۆرسەتتى .

## قازاقىستان پايتەختنى يۆتكەش پىلانى زور مىقداردىكى چەت ئەل مەبلىغىگە مۇھتاج

قازاقىستان ئۆزىنىڭ پايتەختىنى ھازىرقى ئالمۇتادىن ئوتتۇرا قىسىمدىكى ئاقمولا ( بۇرۇنقى ئىسمى سېلىنوگراد ) شەھىرىگە يۆتكەشنى قارار قىلدى . بۇنىڭ ئۈچۈن ئاقمولا شەھىرىگە ھۆكۈمەت خىزمەت بىناسى ، تۇرالغۇ جاي رايونى ۋە ئەلچىخانا قاتارلىقلارنى قۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ .

قازاقىستاننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى يېقىندا ، قازاقىستان ھۆكۈمىتى ئاساسى جەھەتتىن چەت ئەل مەبلەغ سالغۇچىلىرى ۋە ئۆز دۆلەت شىركەتلىرىنىڭ مەبلىغىگە تايىنىپ ئاقمولانى قۇرىدۇ ، ھەمدە كېلەچەكتە بۇ پۇللارنى قايتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ ، دېدى ، قۇرۇلۇش تۈرلىرى خېرىدار چاقىرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق مۇۋاپىق بولغان مەبلەغ سالغۇچىنى تاللايدۇ . مەبلەغ توپلاش خىزمىتىگە قازاقىستان ھۆكۈمىتى قۇرغان « يېڭى پايتەخت » فوند جەمئىيىتى مەسئۇل بولىدۇ . قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن ، قازاقىستاننىڭ يېڭى پايتەختى ئاقمولانى قۇرۇشقا مەبلەغ سالغان كارخانا ۋە شەخسلەر باج ئېلىش ، تاموژنا بېجى ۋە باشقا جەھەتلەردە ئېتىبار قىلىشتىن بەھرىمەن بولىدۇ . نۆۋەتتە ، تۈركىيە ، ياپونىيە ، سەئۇدى ئەرەبىستان ، ئەنگلىيە ، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ شىركەتلىرى قازاقىستان پايتەختىنى قۇرۇشقا قاتنىشىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى . « قازاقىستان » ھەپتىلىك ژۇرنىلىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە ، قازاقىستان چىمكەنت سېمونت زاۋۇتى ، پاكىستاندىن سېمونت ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈپ ، قازاقىستاننىڭ سېمونت ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ سېمونت مەھسۇلات مىقدارىنى ئۆستۈرۈشنى پىلانلاپتۇ .

## دۇنيانىڭ خىمىيۋى ئوغۇت باھاسى داۋاملىق ئۆرلىمەكتە

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، پۈتۈن دۇنيانىڭ خىمىيۋى ئوغۇت باھاسى 20% ئۆرلىدى ، مۆلچەرلىنىشچە ، بۇندىن كېيىنكى بىر ئىككى يىل ئىچىدە خىمىيۋى ئوغۇتنىڭ باھاسى يەنە ئۆرلىشى مۇمكىن ، ياۋروپا ئىتتىپاقى ئاشلىق مىقدارىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېقىندا شۇدىگەر قىلىنىغان يەر كۆلىمىنى 10% ئازايتىشنى قارار قىلدى . بۇ قارار ، ئازوت ئوغۇتىغا بولغان ئېھتىياج مىقدارىنى ھەر يىلى 120 - 130 مىڭ تونىغا ئاشۇرۇۋېتىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ خىمىيۋى ئوغۇتقا ئېھتىياجى يەنىلا ئېشىۋاتىدۇ . مۆلچەرلىنىشچە ، خىمىيۋى ئوغۇت باھاسىنىڭ ئۆرلەش يۈزلىنىشى داۋاملىشىدۇ .

## قازاقىستان دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېكسپورت تاموژنا بېجىنى تۆۋەنلەتمەكچى

ئالمۇتا خەۋىرى : قازاقىستان زۇڭتۇڭى نازارباييۇ ئۆتكەن يىلى 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ، ھۆكۈمەت 1996 - يىلىدىن باشلاپ بەزى دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېكسپورت مىقدارىنى ۋە تاموژنا بېجىنى تۆۋەنلىتىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى . ۋە يەنە قازاقىستان ھۆكۈمىتى ئۆزىدە ئىشلەپچىقىرىپ ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان مەھسۇلاتلارنى ئىمپورت قىلىشنى چەكلەپ ، بۇغداي قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلىشنى كېڭەيتىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، دۆلەت ئىچىدىكى كەمچىل مەھسۇلاتلارنىڭ ئېكسپورتىنى چەكلەيدۇ ، دېدى .

نازارباييۇ يەنە ، 1991 - يىلىدىن 1994 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ، قازاقىستاننىڭ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 6% تىن يۇقىرى تۆۋەنلەپ كەتتى ، 1995 - يىلى بولسا 23% تۆۋەنلىدى ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، قازاقىستاننىڭ دېھقانچىلىقمەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلىش مىقدارى 300 مىليون دوللاردىن ئېشىپ كېتىپ ، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 18% نى ئىگىلىدى ، دېدى .

خەۋەرلەرگە قارىغاندا ، 1995 - يىلى قازاقىستاننىڭ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىشدا تۇنجى قېتىم ئاكتىپ بالانس بارلىققا كەلدى . ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە ، ئاشلىق 61% نى ئىگىلەيدۇ .

## ئۇكرائىنا ئىسپىرت ئىچىملىكلىرى ۋە تاماكىدىن ئىستېمال بېجى ئالىدۇ

ئۇكرائىنا يېقىندا ، ئىسپىرت ئىچىملىكلىرى ۋە تاماكا بۇيۇملىرىدىن ئىستېمال بېجى ئېلىش توغرىسىدا قارار قىلدى .

بۇ قانۇنغا ئاساسەن ، ئۇكرائىنائىستېمال بېجىنى نازارەت قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ . بېجى نازارەت قىلىنمىغان تاماكا ، ھاراق بۇيۇملىرىنى چېگرىدىن كىرگۈزۈش ۋە سېتىش مەنئىي قىلىنىدۇ .

قانۇندا ، تاماكا ، ھاراق مەھسۇلاتلىرىنى چېگرىدىن كىرگۈزۈپ تىزىمغا ئالدۇرغان ۋاقىتنىڭ قاچان بولۇشىدىن ياكى شەخسلەرنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئىشلەپچىقىرىش سېتىشنىڭ ئېھتىياجى بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىستېمال بېجى تاپشۇرىدىغانلار قاتارىغا كىرىدۇ ، دەپ بەلگىلەنگەن .

## شىنجاڭنىڭ شېكەر مەھسۇلات مىقدارى تۆۋەنلىدى

شىنجاڭ دۆلىتىمىزنىڭ قىزىلچا ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاساسلىق رايونى ، ئۆتكەن يىلى قۇرغاقچىلىق ئاپىتى ۋە بوران ئاپىتى ئېغىر بولۇپ ، ھەر قايسى رايونلار ئاشلىق ، پاختا ، ماي ئىشلەپچىقىرىشنى چىڭ تۇتقانلىقتىن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزىلچىنىڭ سېلىشتۇرما باھاسى تۆۋەنلەپ باھانىڭ ئاشكارىلىنىشى كېچىكىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قىزىلچا مەھسۇلات مىقدارى ئازلاپ شېكەرنىڭ مەھسۇلات مىقدارى تۆۋەنلىدى . پۈتۈن شىنجاڭدىكى 15 شېكەر زاۋۇتىنىڭ مۆلچەرىگە ئاساسلانغاندا ، جەمئىي 2 مىليون 500 مىڭ توننا قىزىلچا يىغىۋېلىنىپ ئۆتكەن بىر قېتىملىق شېكەر ئىشلەپچىقىرىشقا قارىغاندا 500 مىڭ توننا ئازايغان ، 1995 - ، 1996 - يىللىرى شېكەر مەھسۇلات مىقدارى تەخمىنەن 260 - 270 مىڭ توننا بولۇپ ئۆتكەن قېتىمقىسىدىن 50 - 60 توننا تۆۋەنلەيدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە .

## جۇڭگو بىلەن روسىيە نېفىت تەبىئىي گاز تۇرۇبىسى ئورناتماقچى

موسكۋا خەۋىرى : يېقىندا روسىيىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ئالېكساندېر . پانوۋ مۇخبىرلارغا : زۇڭتۇڭ يېلتسىن 3 - ئايدا جۇڭگونى زىيارەت قىلغاندا سىبىرىيىدىن موڭغۇلىيە ئارقىلىق جۇڭگوغا تۇتىشىدىغان مۇھىم تۇرۇبا ئورنىتىش توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالاپ ، سىبىرىيىنىڭ نېفىت ۋە تەبىئىي گازلىرىنى جۇڭگوغا يەتكۈزىدۇ ، بۇ جۇڭگو بىلەن روسىيىنىڭ ئېنېرگىيە جەھەتتە ھەمكارلىشىش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ، دېدى . كەلگۈسىدە بۇ تۇرۇبا كورىيە ۋە ياپونىيىگە تۇتىشىدۇ .

## بۇ يىل قەغەز بوتقىسىنىڭ باھاسى كۆپ تۆۋەنلەيدۇ

ئەنگلىيە « پۇل - مۇئامىلە گېزىتى »نىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا قەغەز بوتقىسى ۋە قەغەزگە بولغان ئېھتىياج تۆۋەنلەپ باھاسىمۇ چۈشكەن . نۇرغۇن كىشىلەر 1996 - يىلى قەغەز بوتقىسىنىڭ باھاسى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىشى مۇمكىن ، دەپ پەرەز قىلىشماقتا .

خەۋەردە مۇنداق دېيىلگەن ، ياۋروپا زاۋۇتلىرى 1995 - يىلى 10 - ئايدىن باشلاپ يىگىنە يوپۇرماقلىق دەرەخلەردىن ئىشلەپچىقىرىلغان قەغەز بوتقىسىنىڭ بىر توننا باھاسىنى 1000 ئامېرىكا دوللىرىغا ئۆستۈرۈشنى ئويلاشقان ، بىراق توسالغۇغا ئۇچراپ ، ئالىي دەرىجىلىك قەغەزنىڭ باھاسىمۇ تۆۋەنلەشكە باشلىغان .

شىمالىي ئامېرىكىنىڭ قاچىلاش ماتېرىياللىرى بىلەن ئاق قەغەزنىڭ باھاسى ئەڭ كۆپ تۆۋەنلىگەن . ئامېرىكىنىڭ ئەستەر قىلىدىغان قەغەز ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتلىرى ھەر تونىسىنىڭ باھاسىنى 20 - 30 ئامېرىكا دوللىرى چۈشۈرۈپ 480 ئامېرىكا دوللىرىغا تۆۋەنلەتكەن .

# «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولىشىڭىزلارنى قارشى ئالىمىز

«ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى» ژۇرنىلى دۆلەتلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى تەرىپىدىن تەستىقلانغان رەسمىي ژۇرنال بولۇپ، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا ئاخبارات تەتقىقات ئورنى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدۇ. بۇ ژۇرنالدا ئاساسلىقى ئوتتۇرا ئاسىيا، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى، غەربىي ئاسىيا ۋە باشقا دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، پەن - تېخنىكا ئۇچۇرلىرى، پاختا ئىشلەپچىقىرىش، نېفىت سانائىتى ھەم پەن - تېخنىكا يېڭى نەتىجىلىرى قاتارلىقلار ئېلان قىلىنىدۇ.

ئاسىيا - ياۋروپا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ، «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى» ژۇرنىلى ھەر دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا، ئىلمىي باشقۇرۇش، ئىلمىي تەتقىقات، ئىقتىسادىي سودا، كارخانا ۋە كەسپىي خادىملارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى، غەربىي ئاسىيا ۋە باشقا دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي سودا ئەھۋالى، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنى چۈشىنىشىنىڭ روجىكى بولالايدۇ. سىزنىڭ تەدبىر بەلگىلەش، كارخانا ئېچىش، مەھسۇلاتلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىڭىزدىكى ياخشى مەسلىھەتچىڭىز، ياخشى ياردەمچىڭىز بولالايدۇ.

«ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى» ژۇرنىلى ھەر جۈپ ئاينىڭ 25 - كۈنى ئىككى خىل يېزىقتا تەڭ نەشىردىن چىقىدۇ، پوچتىخانا ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتكە تارقىتىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN 65 - 1133 ／N، پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 58 - 132، بىر سانىنىڭ باھاسى 3 يۈەن، يىللىق باھاسى 18 يۈەن، پوچتا ھەققى ئايرىم 6 يۈەن. رايونىڭىزدىكى پوچتىخانا ياكى تەھرىر بۆلۈمىمىز ئارقىلىق مۇشتەرى بولسىڭىز بولىدۇ.

ئادرېسىمىز: شىنجاڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 40 - نومۇرلۇق قورو، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا ئاخبارات تەتقىقات ئورنى «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى» تەھرىر بۆلۈمى

پوچتا نومۇرى: 830011　　تېلېفون نومۇرى: 3837994

# تەھرىر ھەيئىتى


باش تەھرىر : جاڭ يۆجژ ، نەجمىددىن نىزامىددىن

مەسئۇل مۇھەررىر : گۈلسۈم ئابدۇۋايىت

مەخسۇس مۇئاۋىن مەسئۇل مۇھەررىر : شەرىپە ئىسھاقوۋا

تەھرىر ۋە تەرجىمانلار : مۇنەۋۋەر قادىر ، يارمۇھەممەت ئىبراھىم

تەھرىر ھەيئىتى ئەزالىرى : (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)
ئابابەكرى ساۋۇت ، ئابلىكىم ئوسمان ، جاپپار مەخپىر
خەمىت خەكىموۋ ، مۆمىن ھەبىبۇللا، نۇرنىسا قاسىم
ھېسامىددىن ئابدۇللا ، ئوسمانجان تۇردى ، ئېلى مەمەت
ئېلچى سايرانى ، ئىلدان ئىسھاقوۋ

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : پېڭ جىڭخۇەن


---


باشقۇرغۇچى : ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى

نەشر قىلغۇچى : ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا ئاخبارات تەتقىقات ئورنى

تەھرىرلىگۈچى : « ئوتتۇرا ئاسىيائۇچۇرلىرى »ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

باسقۇچى : شىنجاڭ پەن - تېخنىكا گېزىتى باسما زاۋۇتى

ئادرېسى : ئۈرۈمچى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى40 - نومۇرلۇق قورو

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى : CN 65– 1133/N

پوچتا ۋەكالەت نومۇرى : 132 _ 58

پوچتا نومۇرى : 830011 تېلېفون نومۇرى : 3837994 .